بسم الله الرحمن الرحیم

۱۴۳۰ زکریا

هەسەن ئىبراھىم دۇغەيم

# سىياسىي ئاشقۇنلۇق

قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغۇچى:

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

# سىياسىي ئاشقۇنلۇق / الغلو السياسي

هەسەن ئىبراھىم دۇغەيىم / حسن إبراهيم الدغيم

قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغۇچى / الترجمة بالتلخيص:

**ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى / عبد الرحمن جمال الكاشغري**


2019 ـ يىل ـ بىرىنچى نەشرى

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە ئورنىدا** ..................... 5

**ئاپتورنىڭ مۇقەددىمىسى** ..................... 7

**ئاشقۇنلۇق ھەققىدە** ..................... 9

*ئىسلام مەنبەلىرىدىكى ئاشقۇنلۇق ئۇقۇمى* ..................... *10*

*ئاشقۇنلۇق ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى* ..................... *12*

## بىرىنچى قىسىم

**ھازىرقى سىياسىي ئاشقۇنلۇقنىڭ سەۋەبلىرى** ..................... 15

بىرىنچى، سىياسىي بوھران مەسىلىسىدە بۆلۈنۈش ..................... 16

ئىككىنچى، كىملىك كرىزىسىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش شەكلى ..................... 17

ئۈچىنچى، ئاڭ - سەۋىيە بوھرانىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىش شەكلى ..................... 19

*1 - ئۆتمۈشپەرەسلىك (كونسىرۋاتىزملىق):* ..................... *19*

*2 - مەرىپەت بىلەرمەنلىكىنى دەۋا قىلىش* ..................... *21*

*3 - مېتود بۇرۇلۇشى* ..................... *22*

*4 - پىسخىكا جەھەتتىن بۇرۇلۇش* ..................... *25*

*5 - مەقسەتكە قارىتا تەپەككۇر قىلىش چۈشەنچىسىنىڭ يوقلۇقى* ..................... *29*

بوھران ياكى كىرىزىسلەرنىڭ نەتىجىلىرى ........ 32
تۆتىنچى، ئاشقۇنلۇق كۆرۈنۈشىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىۋاستە سەۋەبلەر ........ 33
*1 ـ ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مۇستەبىتلىكى ........ 33*
*2 ـ خەلق ئىرادىسىنى مۇسادىرە قىلىش ........ 33*
*3 ـ گۇناھسىز كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە قاماش ........ 34*
*4 ـ گۇرۇھۋازلىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشى ........ 35*


# ئىككىنچى قىسىم


**سىياسىي ئاشقۇنلۇقنىڭ خاراكتېرى** ........ 41
بىرىنچى، ئاۋانگارت پىكىرىنىڭ چوڭيىپ كېتىشى ........ 41
*ئاۋانگارت پىكىرىنىڭ ئاقىۋىتى ........ 44*
ئىككىنچى، خەلىپىلىك مەسىلىسىدە ئاشقۇنلۇق قىلىش ........ 47
*ئىسلامدا خەلىپىلىكنىڭ مۇئەييەن شەكلى بارمۇ؟ ........ 50*
*«دابىق» مەلھەمىسى ........ 57*
*كېڭەش مەجلىسى ياكى پارلامېنت ئەزالىرى ........ 58*
*ئىسلام قۇرۇلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نېمە قىلىش لازىم؟ ........ 60*
ئۈچىنچى، ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنى چوڭايتىۋېتىش ........ 63
تۆتىنچى، سىياسىي جەھەتتىن كاپىرغا چىقىرىش ........ 66
بەشىنچى، دوستلۇقتىكى ئاشقۇنلۇق ........ 70
ئالتىنچى، كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش ........ 74
*كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش پەتىۋالىرى ........ 81*
يەتتىنچى، سىياسىي جەھەتتىن شەيتانلاشتۇرۇش ........ 84

سەككىزىنچى، شوئارلاردا ئاشقۇنلۇق قىلىش........................ 86
*1 ـ بايراق* ........................................................................ 86
*2 ـ خىتاب*........................................................................ 90

## ئۈچىنچى قىسىم

**سىياسىي نەتىجىلەرنىڭ ئاقىۋىتى**.................................................. 95
بىرىنچى، دۇنياۋى جىھاد ئىدىيەسى ۋە ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ
يىمىرىلىشى........................................................................... 95
*ۋەتەن ئۇقۇمىنى شەيتان كۆرستىش*............................................ 100
*دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىشنىڭ نەتىجىلىرى*................................... 104
ئىككىنچى، سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.... 105
*تراگېدىيە پىكرى*.................................................................... 107
*كۆز بويامچىلىق ۋە ئېنىقسىزلىق*.................................................. 108
*ئاشقۇنلارنىڭ دېموكراتىيەگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى* 110
*ئاشقۇنلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرنى كاپىرغا چىقىرىشىنىڭ*
*نەتىجىلىرى*......................................................................... 115
*خۇلاسە* .............................................................................. 122
ئۈچىنچى، ئاشقۇنلارنىڭ ھەربىي ساھەدىكى دۆتلۈكى........ 124
*قارا ـ قويۇق ئۆلتۈرۈش*.......................................................... 126
*تەشكىلاتتىكى باتىنىيلىق ۋە ئىستىخبارات ۋەزىپىسى* ......... 127
*تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش*.................... 128
تۆتىنچى، ئەھلى سۈننى مەنبەلىرىنى پارچىلىۋېتىش............ 132
بەشىنچى، قىزىقارلىق نىشانلار................................................ 135
*تراگېدىيەنىڭ تەكرارلىنىشى*................................................... 138

## تۆتىنچى قىسىم

**سۈرىيەدىكى سىياسىي ئاشقۇنلۇقنىڭ تەجرىبىسى** ......................... 143

بىرىنچى، دائىش تەشكىلاتىنىڭ تەجرىبىسى ......................... 144

*ئالىملار دائىشقا قانداق قاراشتا بولغان؟* ......................... *147*

*دائىشنىڭ سەلبىي نەتىجىلىرى* ......................... *149*

ئىككىنچى، «جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتىنىڭ تەجرىبىسى .. 151

*بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىدىيە ۋە تەشكىلىي يىلتىزى* ......................... *151*

ئۈچىنچى، جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ تەجرىبىسى ......................... 155

*جەبھەتۇننۇسرەنىڭ ئىدىيە ئاساسلىرى* ......................... *155*

*جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىدىكى ئۆزگىرىشلەر* ......................... *156*

*جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ ئېقىملىرى* ......................... *158*

*خۇلاسە* ......................... *161*

*نەتىجە* ......................... *162*

*سىياسىي ئاشقۇنلۇققا ئىگە تەشكىلاتلاردىكى كۈچ -*
*قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىق ئامىللىرى* ......................... *164*

**خاتىمە** ......................... 169

سىياسىي ئاشقۇنلۇقنى ئازايتىش چارىلىرى ......................... 169

*بىرىنچى، پىكرى جەھەتتىن* ......................... *169*

*ئىككىنچى، سىياسىي جەھەتتىن* ......................... *173*

*ئۈچىنچى، قوزغىلاڭ سەۋىيىسى بويىچە* ......................... *175*

## مۇقەددىمە ئورنىدا

مۆھتەرەم كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ھەسەن ئىبراھىم دوغەيمىنىڭ «سىياسىي ئاشقۇنلۇق» ناملىق كىتابىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

بۇ كىتاب سىياسىي ئاشقۇنلۇق ۋە پىكرى ئاشقۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان كىتابلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى سانىلىدۇ، چۈنكى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى نەق مەيداننىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىلەرنى ئوچۇق ۋە دەلىللىك ئوتتۇرىغا قويغان.

سىياسىي ئاشقۇنلۇق ۋە سىياسىي ئاشقۇن ئېقىملار ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ كىتاب ئىلمىي تەنقىد ئاساسىدا جۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىك بىر بۆلەك مەسىلىلەرنى ئوقۇرمەنگە سۇنغان. ئەلۋەتتە تەنقىدنى قوبۇل قىلىش قىيىنغا چۈشىدۇ، بىراق تەنقىد ئىلمىي بولسا، قوبۇل قىلىش پايدىلىقتۇر. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش 20 يىلدىن بېرى ئەينى پەلەكتە چۆگىلەۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆتمۈشىدىكى ئۆزلۈكنى ئىزدەپ كېلىۋاتقان يېڭى يول تېپىشتا بەكرەك پايدا ئېلىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس.

كىتابنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ياكى ئۇيغۇر

جەمئىيىتىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان بەزى ئابزاسلىرى، ھەتتا بەزى بەتلىرى قىسقارتىلىپ مۇھىم دەپ قارالغان نۇقتىلار تەرجىمە قىلىندى. شۇڭا بۇ تەرجىمىنى مەزكۇر كىتابنىڭ قىسقارتىمىسى ياكى مەزكۇر كىتاب ھەققىدىكى ئوقۇشلۇق دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

2019 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

## ئاپتورنىڭ مۇقەددىمىسى

ئەرەب باھارى ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەۋج ئالغان ئاشقۇن ئېقىملار ھەققىدە چوڭقۇر سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئاساسلىرى ۋە ئېتىقاد مەنبەلىرى ھەققىدە كۆپ تالاش - تارتىش يۈز بەرمەكتە، چۈنكى ئۇلار كۆپلىگەن ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن كېلىشەلمىگەن، باشقىلارنى كاپىرلىق، مۇرتەدلىك ۋە باشقا تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاۋارىج، باغى، خەلىپىلىك، ئىمامەتچىلىك، ئەھلى سۈننى، شىئە، مۇھەببەت - نەپرەت دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى ئارىسىغا قەدەر كېڭەيگەن، شۇنداقلا ئەقىدە مەسىلىلىرى ھەربىي مەيدانلار ۋە سىياسىي تالاش - تارتىشلاردا مەيدانغا تاشلىنىپ، ئىسلام نامىدىكى تەشكىلاتلار ئۆزئارا قوراللىق ئۇرۇشقان ۋە كىشىلەرنى پىتنىگە ئۇچراتقان. بۇ كۆرۈنۈشلەر ھەققىدە بەلگىلىك قىسمەن بەزى مەسىلىلەر مۇنازىرە قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كېلىپ چىقىش شارائىتلىرى ۋە جەريانلىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىغان.

بۇ جىھادىي ئېقىملار ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدا ھەربىي

رىئاللىقتا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاشىقلىق پىكرى بۇرۇنقىدەك كىتابلار ئارىسىدا ئۇچرايدىغان پارچە پىكىرلەر ياكى بەزى پىسخىكا كېسەللىكىگە يولۇققان كىشىلەردە ئۇچرايدىغان ئىستىلىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلەر ھالىتىدىلا قالمىغان.

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئېقىملار ھەربىي تەشكىلاتلارغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە تار دائىرىدىكى دىنىي چۈشەنچىلىرىنى دىن نامىدا كىشىلەرگە تېڭىشقا باشلىغان. قوراللىق ئېقىملار «جىھادى سەلەپى» تەشكىلاتلىرى نامىدا چوڭىيىپ كۆپەيگەن.

بۇ كىتابچە ئاشىقلىق خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتلارغا مۇمكىن بولغان ھەل قىلىش چارىلىرىنى تەقدىم قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرى ھەققىدە چۈشەنچىلەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ تەقدىم قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئارىسىدىكى ئىچكى توقۇنۇشلار پارچىلىنىپ كەتكەن مۇسۇلمان ئەللىرىنى تېخىمۇ تىتىپ تاشلىماقتا، بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەللەرنى تېخىمۇ بۆلۈۋەتمەكتە، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرىنى دۇنياۋى ئىستىخباراتلارنىڭ قورچاقلىرى بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەكتە. ھالبۇكى، كىشىلەر ئادالەتنى، ئەركىنلىكنى ۋە ھۆرمەتنى يوقىتىپ قويسىمۇ، ئۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلاردا نىسبەتەن خاتىرجەملىك بار دەپ قارىماقتا.

2018 ـ يىلى / ئىستانبۇل

# ئاشقۇنلۇق ھەققىدە

ئاشقۇنلۇق ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار ئاللاھ بەندىلىرىگە كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يولدىن پىكرى ۋە ئىستىلى جەھەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇدۇر.

قۇرئان كەرىم ئاشقۇنلىق سۆزىنى ئىشلەتكەن: «دىنىڭلاردا ھەقسىز ئاشقۇنلۇقنى پەيدا قىلماڭلار»[1] . بۇ ئايەتتە كەلگەن «غۇلۇۋۋ» دېگەن سۆز ئاشقۇنلۇق قىلماڭلار، ئاشۇرۇۋەتمەڭلار ۋە ئورۇنسىز چىڭ تۇرۇۋالماڭلار دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مۇتەپەككۇر دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار ئاشقۇنلۇق ئىككى ھەققىدە: «ئاشقۇنلۇق ۋە ئاشقۇنلار ئەركىن تاللاش ۋە ئىختىيارىي ئىمان ئېيتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دىندارلىقنىڭ ماھىيىتىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىنسانپەرۋەرلىك تۈيغۇسى بىلەن سوقۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان قارىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ھازىرقى زامان كۈلتۈرىدە ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە كىشىلەرنىڭ ياشاش

---

[1] نىسا سۈرىسى، 171 ـ ئايەت.

شارائىتتىغا رىئايە قىلىش مەسىلىلىرى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئەپسۇسكى، بەزى ئاشقۇنلار سۇرەتكە تارتىۋاتقان قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر ئىسلام دۇنياسىغا چىشىنى بىلەپ تۇرغان دۆلەتلەر ئۈچۈن داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا باھانە بولۇپ بەردى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قاراشلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا سەۋەب ھازىرلاپ بەردى» دېگەن[1].

### ئىسلام مەنبەلىرىدىكى ئاشقۇنلۇق ئۇقۇمى

قۇرئان كەرىم دىندارلىق مەسىلىسىدە بەلگىلەنگەن شەرئى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

رەسۇلۇللاھ ئاشقۇنلۇق ھەققىدە توختىلىپ: «سىلەر دىندا ئاشقۇنلۇق پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر دىندا ئاشقۇنلۇق قىلىپ، دىندارلىقتا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش سەۋەبىدىن ھالاك بولغان» دېگەن[2]. بۇ ھەدىستىكى ئىلگىرى ئاشقۇنلۇق قىلغانلار دېگەندىن مەقسەت ئەھلى كىتاب، بولۇپمۇ خىرىستىيانلاردۇر.

قۇرئان كەرىم ئاشقۇنلۇق ھەققىدە: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ

[1] د.ئابدۇلكەرىم بەككار «ئاشقۇنلۇق ئېقىمىنى پارچىلاپ تاشلاش»، 21- بەت

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 1/215. ئىبنى ماجە رىۋايىتى، 3028 - ھەدىس.

نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار» دېگەن[1].

يەنە: «ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار» دېگەن[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايەتلەردىكى مەقسىتى كىشىلەرگە توغرا ئەقىدىنى بايان قىلىپ بېرىش، ئېتىقادتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېچىپ بېرىشتۇر. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم بىزنى بۇ قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، ئەقىدىمىزنى دائىم قۇرئان ۋە سۈننەت روھى بويىچە ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى پاسسىپلىق قىلماستىن قوغدىشىمىز ئۈچۈن ئەسكەرتىش بەرگەن.

ئىنساننىڭ پەقەتلا ئۆزىنى توغرا يولدا، باشقىلارنى خاتا يولدا دەپ خىيال قىلىپ قېلىشى ئاشقۇنلۇقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، شۇڭا مۇنداق قارىغان ئىنسانلار مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا ياكى پاسىققا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار باشقىلارنىڭ دىيانىتىگە تەنە قىلىشقا، باشقىلارنى ئازغۇنلۇققا چىقىرىشقا ۋە ئۆزلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، باشقىلارغا يامان گۇماندا بولۇشقا مايىل بولىدۇ.

مۇنداق قاراش بىلىمسىزلىكتۇر، ئەقىلسىزلىقتۇر ۋە سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكىدۇر. رەسۇلۇللاھ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدە ئاشقۇنلۇق پەيدا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «بۇ دىن مۇستەھكەم بىر

[1] مائىدە سۈرىسى، 77 ـ ئايەت
[2] نىسا سۈرىسى، 171 ـ ئايەت

دىنـدۇر، شـۇڭا سـىلەر بـۇ دىنغـا سـىلىق ئۇسـۇلدا ۋە تەدرىجـي قەدەمــدە ئىچكىرىلــەپ كىرىــڭلار. بىلىــپ قويۇڭلاركــى، ئالدىراڭغۇلـۇق قاتناش ۋاستىسـىنى ساق قويمايـدۇ ۋە كۆزلىگەن مەقسـەتكە يەتكۈزمەيـدۇ» دېگـەن[1] .

### ئاشقۇنلۇق ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى

«ئاشــقۇنلۇق» دېگــەن سـۆز بىــر نەرســىدە چېكىدىــن ئاشـۇرۇۋېتىش ۋە ئاشـقۇنلۇقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش دېگەن بولىدۇ. دىندارلىقتىكـى ئاشـقۇنلۇق كېسـىلى ئاللاھقـا يېقىنلىشــىش، ئىتائـەت قىلىـش ۋە ساۋاب تېپىـش مەقسـىتىدە پەيـدا بولىـدۇ. ئاشـقۇنلۇق دېگـەن ئىبادەتتـە ياكـى ياخشـى كۆرۈشـتە ياكـى كاپىرغا چىقىرىشـتا ياكى گۇمان قىلىشـتا چېكىدىن ئاشـۇرۇۋېتىش ھالەتلىرىــدە تېپىلىــپ تۇرىــدۇ.

دېمــەك، ئاشـقۇنلۇق دېگـەن ئىتائـەت قىلىــش ۋە ئاللاھقـا يېقىنلىشــىش نىيىتىــدە شــەرئىەتتە بەلگىلەنگــەن چەكتىــن ئاشــۇرۇۋېتىش دېگــەن بولىــدۇ.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 22451 ـ ھەدىس. بەيھەقى رىۋايىتى، 4359 ـ ھەدىس

# برنچی قسم

## هازىرقى سىياسىي ئاشقۇنلۇقنىڭ سەۋەبلىرى

مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟ نېمە ئۈچۈن بۆرىلىنىپ كەتكەن دىندىكىلەر تەرەققىي قىلىپ كەتتى؟ نېمە ئۈچۈن ئەسلى پېتى ساقلىنىپ كەلگەن قۇرئان ئەھلى ئۆلارنىڭ ئارقىسىدا قالدى؟ نېمە ئۈچۈن قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقتىن مەھرۇم قالغان، شۇنداقلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەيدانلاردا ئىلاھىي ۋەھىيدىن يۈز ئۆرۈگەن غەرب دۇنياسى تەرەققىي قىلىپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى ئۇلارنىڭ ئارقىدا قالىدۇ، كەمبەغەللىك ۋە مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدۇ؟ دېگەن سوئاللارنىڭ ئاددىي جاۋابلىرىنىڭ بىرى سىياسىي ئاشقۇنلۇقتۇر.

مۇسۇلمانلار ياۋروپانىڭ ئويغىنىشى، بىلىم ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى، سىياسىي ۋە ئىقتىساد راۋاجلىنىشى توغرىسىدا سوراشقا باشلىغاندا، ئىسلام دۇنياسىدىكى ۋەزىيەت مەزھەپلەر ۋە فىرقىلەر ئارىسىدىكى ئەقىدە تالاش - تارتىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

1924 - يىلى ئىسلام خەلىپىلىكى يىقىلدى، ئاجىزلىشىپ كەتكەن، پارچىلىنىپ كەتكەن ۋە ئورگانلىرىدا چاك كەتكەن خەلىپىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ يىقىلىشى مۇسۇلمان ۋىجدانىدا

سىلكىنىش پەيدا قىلدى.

خۇلاسىلىغاندا، ئوسمانىيلار دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بەرگەن بوھران ياكى كرىزىسنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

1 ـ سىياسىي بوھران: ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بېكىنمىچىلىككە قەدەم قويغان، مۇسۇلمانلار بىرقانچە ئاجىز دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەملىكە دۆلەتلىرىگە ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ھالدا بويسۇنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۈمىدى يوقىلىپ كەتكەن.

2 ـ كىملىك بوھرانى: بىز كىم؟ ئەرەبمۇ ياكى مۇسۇلمانلارمۇ؟ مىسىرلىقلارمۇ ياكى سۈرىيەلىكلەرمۇ؟

3 ـ ئاڭ ـ سەۋىيە بوھرانى: دۇنيا ئۆزگەردىمۇ ياكى ئۆزگەرمىدىمۇ؟ ھەل قىلىش چارىسى ئۆتمۈشتىمۇ ياكى كەلگۈسىدىمۇ؟ دېگەن سوئاللاردىن ئىبارەت.

تۆۋەندە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ بوھرانلارغا قارىتا قانداق يول تۇتقانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

## بىرىنچى، سىياسىي بوھران مەسىلىسىدە بۆلۈنۈش

سىياسىي بوھرانغا قارىتا ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىدىغان بىر ئېقىم شەكىللەنگەن، بۇ تۈزۈم مۇسۇلمانلارنىڭ كۈلتۈرى ۋە تارىخىنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈزۈم بولۇش ئېتىبارى بىلەن مىللەتلەر ۋە دىنلار ئارىسىنى ماسلاشتۇرۇپ كېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇ ئۇممەتنىڭ كىملىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان، دىنىنى قوغداش ۋە دۇنيالىقنى ئىسلاھ قىلىش پرىنسىپىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭىدىغان تەجرىبىدىن ئۆتكەن تۈزۈمدۇر.

بۇ يۆلىنىشنى تەمسىل قىلىدىغان ھەرىكەت ھەسەن بەننا يېتەكچىلىكىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلاردۇر. ھەسەن بەننانىڭ قارىشىچە، خەلىپىلىك تۈزۈمى دېموكراتىك ھەرىكەتكە زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى خەلق خەلىپىنى سايلاپ چىقىدىغان، دىنىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە دۇنيالىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان مىللەت ۋەكىللىرىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە.

يەنە بىر يۆنىلىش تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ ماڭغان، بۇ ئېقىمنىڭ قارىشىچە، خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ زامانى ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا ھازىر ياۋروپانىڭ ئويغىنىشىدىن ئىلھام ئالىدىغان رايون خاراكتېرلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش لازىم قارايدىغان ئىدى. بۇ ئېقىمنى لىبېرالىزم يولىنى تۇتقانلار ئاساس قىلىپ ماڭغان. شۇنداقلا يەنە خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتسە بولىدۇ دەپ قارايدىغان شەيخ ئەلى ئابدۇرازىق ئۇلارنىڭ قارىشىغا دىنىي تون كىيدۈرۈپ بەرگەن.

## ئىككىنچى، كىملىك كرىزىسىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش شەكلى

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىدا،

بولۇپمۇ ئۇتتۇرا شەرقتە كىملىك كرىزىسى ياكى بوھرانى جىددىي شەكىلدە باشلانغان بولۇپ، بۇ كرىزىس بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلماقتا.

يەنى بىز ئەرەبمۇ ياكى مۇسۇلمانمۇ؟ بىز شەرقلىقمۇ ياكى غەربلىكمۇ؟ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كىملىكى ئۈممەتنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرىدىغان كىملىكمۇ؟ ياكى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە غەربلىشىش ئاساسلىق نۇقتىمۇ؟ ياكى مىللەتچىلىك ئاساسلىق نۇقتىمۇ؟ دېگەندەك كرىزىس پەيدا بولغان.

ئەرەب دۇنياسىدىكى بىر قىسىم چوڭ ئەدىبلەر ياكى زىيالىيلار ئۈممەت ئارىسىدا غەربلىشىش ئېقىمىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە غەرب دۇنياسىغا كۆپلىگەن ئەخلاقى پەزىلەتلەرنى نىسبەت بەرگەن، بۇ ئېقىمنى تاھا ھۈسەيىن يېتەكلەپ ماڭغان. تاھا ھۈسەيىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بارلىق تەرەپلىرىنى ئايرىماستىن قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئىسلام ھەرىكىتى بۇنىڭغا قارشى ھالدا غەربلىشىشكە قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ نەزىرىدە غەرب دۇنياسى ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋالغان، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان، بىرلىكىنى پارچىلاپ تاشلىغان، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ۋە ئىسلام ئەللىرىنى مۇستەبىت دىكتاتور ھاكىملارغا تاپشۇرغان مۇستەملىكىچى ئىدى.

غەرب دۇنياسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىنىي پەرق تۈيغۇسى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىش تۈيغۇسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق تۈيغۇسى، بۇ ھەرىكەتنى غەربلىششىش دولقۇنىغا قارشى تۇرۇشقا سەۋەب بولغان. بۇ يۆنىلىشنى ھەسەن بەننا ۋە سەيىد قۇتۇپ يېتەكلەپ ماڭغان.

55 ـ يىللىرى مىسىرغا سوتسىيالىزم كىرگەندە لىبېرالىزمچىلار ياكى كوممۇنىستلار مۇستەبىت دىكتاتور ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان، بۇلار ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ۋە بەدەنىي جەھەتتىن ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىغا كۆز يۇمغان.

بۇ سەۋەب ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن لىبېرالىزمچىلار ئارىسىدىكى كىملىك كىرزىسىنى چوڭايتىۋەتكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئېنىق مەيدان ئايرىش ۋە بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرۇش پىكرى شەكىللەنگەن.

## ئۈچىنچى، ئاڭ – سەۋىيە بوھرانىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىش شەكلى

ئاڭ ـ سەۋىيە بوھرانىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىش شەكلى تۆۋەندىكى ساھەلەردە نامايان بولىدۇ:

***1 – ئۆتمۈشپەرەسلىك (كونسىرۋاتىزملىق):***

ئۆتمۈش ھەربىر ئىنسانغا نىسبەتەن پەخىرلىنىدىغان

نۇقتىدۇر، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ياشلىق، ئاكتىپچانلىق ۋە مەدەنىيەت چاقنىغان مەزگىلنى تەمسىل قىلىدۇ.

ھالبۇكى ئىسلام پىكرىنىڭ بوھرانى ئۆتمۈشنى ئەسلىگەنلىكتە كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى ئۆتمۈشكىلا تايىنىۋالغانلىقتا نامايان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ دەۋرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ۋە قەھرىمانلىرى بۈگۈن ھاياتتا بولغان بولسا ئىدى، بەزى ئىشلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن بولاتتى ۋە قىلغان كۆپلىگەن ئىشلىرىنى تەكرار قىلمىغان بولاتتى. بىراق بەزىلەر بۇ دەۋردىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىھاد خاراكتېرلىك ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئەينەن تەقلىد قىلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتىدۇ.

مەسىلەن، ساھابىلەرنىڭ خەلىپە سايلاش ئۇسۇلى شۇ زاماننىڭ شارائىتىغا قارىتا بىرقانچە تۈرلۈك بولغان، ئۇلار تايانغان ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىھادىي ئۇسۇل - چارىلەردىن ئىبارەت ئىدى، ھەربىر خەلىپىنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىدى، بىراق بەزى كىشىلەر بۇ زاماندىمۇ بۇرۇنقى ئۇسۇل - چارىنىڭ دەل ئۆزىنى تۇتۇپ مېڭىشنى قائىدىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرماقتا. ئۇلاردىن بىرقانچە كىشى تولىنىپ، ئۆزلىرىنى كېڭەش مەجلىسى دەپ ئاتىۋېلىپ، بىرەرسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت بەرمەكتە. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ خەلىپە سايلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا شەرئى ھۆججەت ئىسپاتلانمىغان ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە تارىخىي ۋەقەلەرنى شەرئى دەلىلنىڭ

ئورنىغا قويۇش توغرا بولمايدۇ.

يەنە بىر مىسال شۇكى، بەزى كىشىلەر سەلەپ سالىھلارنىڭ كاپىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەر دائىم جەڭگاھلاردىكى ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتى ئىدى ۋە ئىسلام پەتھىسى دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە قىلىچ ئارقىلىق يەتكەن ئىدى دەپ قاراپ، تارىخىي ۋەقەلىكنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتمەكتە. ئاندىن مۇشۇ تارىخىي ھادىسە ئاساسىدا يەكۈن ئېلىپ، ئىسلامنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تىنچلىق ياكى يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش مۇناسىۋىتى ئەمەس ياكى ئوتتۇراھاللىققا ئىگە مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ھەر دائىم ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش، قاتتىق قوللۇق قىلىش ۋە ئاشقۇنلۇق قىلىش مۇناسىۋىتى قىلىپ كۆرسەتمەكتە. بۇ تېمىدا ئايرىم توختىلىمىز.

دېمەك، سىياسىي ھەرىكەتتىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى دىنىي دەلىلنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئۆتمۈشكە تايىنىۋېلىش يېتەرسىزلىك ھېسابلىنىدۇ، سىياسىي ھەرىكەتلەردىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر دىنىي ھۆججەتنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. سىياسىي ھەرىكەتتىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئىجتىھاد خاراكتېرلىك مەسىلە بولغان ئىكەن، بۇ تېمىلاردا يېڭىدىن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئىجتىھاد قىلىشقا ئەلۋەتتە بولىدۇ.

*2 – مەرىپەت بىلەرمەنلىكىنى دەۋا قىلىش*

دىنىي مەرىپەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلەپ ئېلىپ، ئۇنى

دىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىن چوڭقايتىۋېتىش ئىلمىي ئۆلچەمگە ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن،

كۆپلىگەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكىلەر ئەۋلىيالارنىڭ كارامەت مەسىلىسىنى چوڭقايتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى دىنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە دېگىزدىن ھېچنېمىگە تايانماي ئۆتۈپ كېتىش، ئاسماندا ئۇچۇش ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش دېگەندەك ئەپسانە دەرىجىسىدىكى ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىدۇ.

تەبلىغ جامائىتى بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن دەۋەتكە چىقىش ياكى بىرقانچە كۈنلۈك سەپەرگە چىقىش مەسىلىسىنى دىنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇسۇلغا تايانمىغان كىشى گەرچە تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا ياكى ئىنتېرنېت بەتلىرىدە ياكى ژۇرناللاردا دەۋەت قىلسىمۇ، توغرا دەۋەت قىلىش ئۇسۇلىغا تايانمىغان كىشى ھېسابلىنىدۇ.

ھىزبۇتتەھرىر بولسا، خەلىپىلىك مەسىلىسىنى دىنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىۋالىدۇ ۋە بارلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى مۇشۇ نۇقتا ئەتراپىدا ئايلاندۇرىدۇ، خۇددى خەلىپىلىك قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ قولىدا بولمىسا، دىن ۋە دۇنيا پۈتۈن يوقاپ كېتىدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

### *3 – مېتود بۇزۇلۇشى*

يەنى شەرئى دەلىللەرنى ئىزاھلاش ۋە تەھلىل قىلىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق.

1) بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا توغرا كەلگەن شەرئى ھۆججەتلەرنى تاللاپ ئىزاھلايدۇ، ئالىملار ئارىسىدىكى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىختىلاپلارنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. مەسىلەن، ھاكىمىيەت توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئالىملارنىڭ بۇ توغرىدىكى ئېتىبارلىق تەپسىرلىرىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، باشقىلارنى دىندىن چىقىپ كېتىدىغان دەرىجىدىكى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. مەسىلەن، ئىبنى ئابباسنىڭ كىچىك كاپىر بولۇش دېگەن تەپسىرنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ بىلمەسلىك، مەجبۇرلىنىش ۋە ئاجىزلىق دېگەندەك ئۆزرىسى بولسا، ئۇ ئۆزرىنى ئېتىبارغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. بەزى ئاشقۇنلارنىڭ نەزىرىدە ھازىرقىدەك ئاجىز دەۋردە بىرەر مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئامالسىزلىقتىن بىرەر جازانە بانكىسى قۇرۇلۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ بۇ دۆلەتنى ئۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن دۆلەتكە قارشى قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا سەۋەب بولماقتا.

2) بۇلار شەرئى ھۆججەتلەرنى زاھىرىي بويىچە ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئايەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن سۈرىتىگە قارىماستىن، كاپىرلار بىلەن دوستلىشىش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنى زاھىرىي ئۇقۇمى بويىچە ئىزاھلاپ، كاپىرلارغا ماددىي ياردەمدە بولغان ۋە ئۇلار بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە ئورناتقانلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا كاپىرلارغا مۇتلەق دوست بولۇپ كەتسە ياكى ئۇلارغا مۇتلەق يان بېسىپ كەتسە ئاندىن مۇرتەدلىك

ھۆكمى بىرىلىدۇ. ئەمما بۇلار خەلقئارا جەمئىيەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئادالەت مەھكىمىسى ۋە بىخەتەرلىك مەجلىسى دېگەندەك ئورگانلار بىلەن ئالاقە قىلغانلارنى مۇتلەق كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ.

ئاشقۇن مەقدەسى بۇ توغرىدا: «بىز ئىلاھىي شەرىئەتتىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغان ھاكىملارنى ۋە خەلقئارالىق شەيتانلارنىڭ مەھكىمىلىرىگە ئەرز سۇنىدىغانلارنى كاپىرلار ۋە ئىسلامدىن يەتمىش تەرەپتىن چىقىپ كەتكەن مۇرتەدلەر دەپ قارايمىز» دېگەن [1].

3) بۇلار قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ كېلىش سەۋەبلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن، بۇلار دۈشمەن كاپىرلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنى تىنچلىق يولىنى تاللىغان كاپىرلارغا قوللىنىدۇ، كاپىرلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلايدۇ، جەڭ مەيدانىدا چۈشكەن ئايەتلەرنى تىنچلىق مەزگىلىگە دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، ئاشقۇن ئەبۇ بەكىر ناجى 2004 ـ يىل رىيادتا يۈز بەرگەن پارتلىتىش ھەققىدە توختىلىپ: «ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بىز ئەھلى سەلىب (خرىستىيانلار)، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى، مۇرتەدلەر ۋە مۇرتەدلەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى مەيداندا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆكسەك دۇرۇس بولىدۇ. بۇلار تەۋبە قىلمىسا، ناماز ئوقۇمىسا، زاكات بەرمىسە ۋە دىن ئاللاھ ئۈچۈن بولمىسا، بۇ ئىشنى ئەڭ

[1] مەقدەسى «ئوچۇق سۆھبەت جاۋابلىرى»، 59 ـ بەت

بۇيۇك ۋاجىپ ئىش دەپ قارايمىز» دېگەن[1] .

شۇنداقلا بۇلار ئاجىزلىق دەۋرىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن، غەلىبە قىلغان ياكى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان زاماندىكى ئايەتلەرنى ئاجىزلىق دەۋرىگە تەدبىقلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئەبۇ بەكىر ناجى بۇ توغرىدا: «بىز هازىر رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن مۇرتەدلىك زامانىغا ئوخشاش بىر زاماندا تۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا بىز هازىر قىرغىنچىلىق قىلىشقا موهتاج بولىمىز، شۇنداقلا بەنى قۇرەيزە يەهۇدىيلىرىغا قىلىنغاندەك ئىش - هەرىكەت قىلىشقا موهتاج بولىمىز» دېگەن [2].

شۇنداقلا يەنە بۇلار شەرئى هۆججەتلەردىكى ئومۇملۇق، خاسلىق، ئىخچاملىق ۋە چەكلىمىلىك دېگەندەك قائىدىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

### *4 – پىسخىكا جەهەتتىن بۇرۇلۇش*

د. ئابدۇلكەرىم بەككار: «كىرىزىس ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ مېڭىسى دائىم شۇملۇق هېس قىلىدىغان قارا پىكىرلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنتىقام پىكىرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاشقۇنلاردىكى پىكىر بۇرۇلۇشى ئۇلاردا سىقىلىش، غەزەپ قىلىش، مۇتەئەسسىپلىك

[1] ئەبۇ بەكىر ناجى «پاك روھ ۋە رىياز پارتلاتمىسى» ، 2 - بەت
[2] ئەبۇ بەكر ناجى «ۋەهشىيلەرچە ئىدارە قىلىش» ، 321 - بەت

ۋە ئىككىلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ» دېگەن[1] .

دىكتاتورلۇق، بوزەك قىلىش، سىياسىي بوشلۇق، قالايمىقانچىلىق ۋە بۇ ئىشلاردىن كېلىپ چىققان ناچار رېئال شارائىت ئويغىنىش، تەرەققىيات ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن گۈللىنىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئىجتىمائىي ئۆكتىچى ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

بۇ كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش شارائىتلىرى بۇلاردا ھەر زامان قوزغىلىپ تۇرىدىغان ۋە ئاشقۇنلۇق دەرىجىسىگە بېرىپ قالغۇدەك بەك سەزگۈر ئاددىي زېھنىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەقىل بىلەن قەلب ئارىسىدىكى مۇساپىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ھېكمەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويغان.

ئەينى زاماندا خاۋارىجلار ئىسلامنى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن يىراق ھالدا زاھىرىي چۈشەنچە بىلەن چۈشەنگەندىن كېيىن «ھاكىمىيەت پەقەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر» دېگەن شوئارنى توۋلىغان ھالدا ھاكىمىيەت قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ئىدى، بىراق ئۇلار بۇ شوئارنىڭ ئىزاھاتىنى ياكى تەتبىقلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمىغان. بولمىسا، شۇ كۈنلەردە ھاكىمىيەت بېشىدا ئۈممەت ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ساھابىلەر بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خاۋارىجلار ئۆزلىرى بىلگەن ئايەتلەرنى قانلىق يول بىلەن ئىزاھلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتى،

---

[1] د. ئابدۇلكەرىم بەككار، «ئاشقۇنلۇق كۈلتۈرىنى پارچىلاپ تاشلاش»، 27 ـ بەت.

ئىسلام ئازادلىق ھەرىكىتىنى توختىتىپ قويۇشتى ۋە دۆلەتنىڭ ھەيۋىتىنى يوقىتىشتى.

بۇ خاۋارىجلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلاردا چەتئەل ئىستىخباراتىغا ئىشلەيدىغان ياكى دۈشمەن دۆلەتكە خىزمەت قىلىدىغان پىلان يوق ئىدى. ئۇلار ھۆججەتلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە قارىماستىن، زاھىرىي چۈشەنچە بىلەن كۇپايىلىنىدىغان قوپال ۋە توڭ مىجەز بىر توپ كىشىلەر ئىدى، ئۇلاردا قۇربان بېرىش ۋە پىداكارلىق روھى تېپىلىسمۇ، بىراق خاتا يولدا ئىدى. رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىبنى مۇلجەم دېگەن خاۋارىج قانۇنلۇق ھاكىمىيەتنىڭ بېشى بولغان ھەزرىتى ئەلىنى ئۆلتۈرگەندە، ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتىدە ئۆلتۈرگەنمىش.

دېمەك، غايىلەر ھەرقانچە ئېسىل ۋە نىشانلار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلمىسا ۋە ھېكمەت يولىنى تۇتۇپ ماڭمىسا، ئۇلار ھەرقانچە باتۇر ۋە قەيسەر بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ ئۇلۇغ نىشانلار ئىگىسىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتىنى ئايرىماستىن كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بوينىدا بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇشتلىرى ياخشى كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە تېگىپ كېتىپ قالىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەدەنلىرى ھارام ماللاردىن غىزالىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى زۇلۇمنى رەت قىلىدىغان ئېسىل غايىلىرى ۋە تۇيغۇلىرى ھەر ئورۇندا زۇلۇم قىلىشقا

ئاشىق بولۇپ قالغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، مەزلۇم كىشى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ئاقلايدىغان ھەقىقى جاللاتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھالەت بۈرۈنقى خاۋارىجلارنىڭ پېشۋاسى ئىبنى مۇلجەمدە كۆرۈنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھازىرقى زامان ئاشىقۇنلىرىدا كۆرۈنمەكتە. بۈگۈنكى جىھادىي سەلەپىيلىك ھەرىكەتلىرى نە ساغلام سەلەپىيلىكنى، نە جىھادنى قالدۇرماستىن ھەممىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى!

دېمەك، بۈلاردىكى پىسخىكا بوھرانىنى ياكى كىرىزىسىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

1) ئۇلار مەزلۇملۇقنى دەۋا قىلىدۇ، دائىم قۇربان بولغۇچىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن نىشانلىنىۋاتقاندەك ۋە ھەر كىم ئۇلارنىڭ دۈشمىنىدەك ھېس قىلىدۇ، چۈنكى سۈيىقەست ۋە دۈشمەنلىك نەزەرىيىسى بۇلارنىڭ كۆڭلىدە ۋە تۇيغۇسىدا ئورناپ كەتكەن.

2) ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۈممەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى، ئۈممەتنىڭ مەسىلىسىگە ئاساسلىق شەكىلدە كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان كىشىلەر دەپ ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار كېڭەش ئۆلچىمى ۋە ئۈممەتنىڭ پىكرىگە قىلچە پىسەنت قىلماستىن، شەرىئەت دۆلىتىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەش دېگەندەك ئېلانلارنى توختىماي ئېلان قىلىدۇ.

3) ئۇلار ھەقىقەت مونوپولچىلىقىنى دەۋا قىلىدۇ، ئېتىبارغا

ئىلىنىدىغان تۇرلۇك كۆزقاراشلارنى رەت قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنىلا توغرا دەپ قارايدۇ، باشقا پىكىردىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. سەلەپىيلىك ۋە سۇننەتكە ئۇيغۇنلۇقنى پەقەت ئۆزلىرىدىلا دەۋا قىلىدۇ، باشقىلارنى بىدئەتچى ۋە دىندىن چىقىپ كەتكەنلەر دەپ قارايدۇ.

4) ئۇلار غەلىبە قىلىۋاتقاندەك خىيال بىلەن ياشايدۇ، سەۋەب ـ نەتىجىگە ئىگە ئەمەس تۇرۇقلۇق، دائىم پۈتۈن دۇنيانى پەتھى قىلىشقا ۋە پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم بولۇشقا قادىر دېگەن تۇيغۇ بىلەن ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى دەپ ئويلىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

5) ئۇلارنىڭ قەلبىدە كىبىرلىك ۋە پوچىلىق ئورناپ كەتكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ھېس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە رەھىمدىللىك دېگەن نەرسە تېپىلمايدۇ.

6) دىنىي مەسىلىلەردە ئورۇنسىز جېدەل قىلىدۇ، ئېتىقاد پىتنىسىنى پەيدا قىلىدۇ، ئېتىقادنىڭ تارماق مەسىلىلىرىنى مۇھەببەت ۋە نەپرەت مەسىلىسىگە باغلىۋالىدۇ.

### *5 – مەقسەتكە قارىتا تەپەككۇر قىلىش چۈشەنچىسىنىڭ يوقلۇقى*

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. شەرئى كۆرسەتمىلەرنىڭ

بەزىسىدە ھېكمەتنىڭ كۆرۈنمەسلىكى ئۇ ھۆكۈم ئۈچۈن مەقسەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئىسلامنىڭ سىياسىي قىممەت قاراشلىرىنىڭمۇ ئەلۋەتتە مەقسەتلىرى بار. مەسىلەن، كېڭەش قىلىش سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، بىراق شەرىئەت كېڭەش قىلىشنىڭ مۇئەييەن شەكلىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن. سىياسىي مەيداندا كېڭەش قىلىش بولمىسا، ھاكىملار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە مۇستەبىتلىك قىلىپ، ئۆكتىچىلەرگە كېڭەش قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرمىسە، ئىنقىلابچىلار قىلىچقا تايىنىدۇ، خاۋارىجلار كاپىر قىلىشقا تايىنىدۇ، نەتىجىدە كېڭەش ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، كېڭەش قىلىش ئاساسىي قانۇننىڭ ئەڭ مۇھىم قىممەت قاراشلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ سىياسىي تۈزۈمنىڭ زۆرۈر پرىنسىپى ئىدى. سىياسىي مەيداندا كېڭەش بولغان بولسا ئىچكى ئۇرۇش، تالاش - تارتىش ۋە ھەربىي ئىنقىلابلار يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

سىياسىي قىممەت قاراشلارنى جانلاندۇرۇشتا ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۈلتۈرگە ئايلاندۇرۇشتا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بويىچە تەپەككۇر قىلىشقا تايانماسلىق، ئۇنى پەقەتلا فىقھىدىكى ئىختىلاپ نۇقتىسى دەپ قاراپ قېلىش ئاڭ - سەۋىيە كرىزىسىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولغان بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

د. ئابدۇلكەرىم بەككار بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بۈيۈك غايىلەردۇر، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئومۇمىي كۆرسەتمىلىرى ئارقىلىق بۇ مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ۋە قوغداشنى نىشان قىلىدۇ. ئىسلام تارىخى بويىچە، شەرىئەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە ئىسلامنىڭ ھاياتقا قارىتا ئومۇمىي تەسەۋۋۇرنى ئاڭقىرىشقا قاتتىق ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش بۈيۈك قانۇنشۇناس ئالىملارنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ كەلگەن. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىلىرىدىن بىرى ھۆججەتنىڭ زاھىرىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، ھۆججەتنىڭ مەقسىتى ۋە روھىغا قارايدىغان ئىشنى بىرلەشتۈرۈشتە نامايان بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا، ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ ۋە مەزمۇن ئارقىلىق ھۆججەت تەسىرگە ئۇچراپ قالمايدۇ، بۇ ئارقىلىق شەرىئەت بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشمىغان ھالدا بىر ـ بىرىگە ماس كەلگەن بىر تۈزۈم ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام نۇرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە نۇر چېچىشىنى ۋە ئىلاھىي سۆز (كەلىمەتۇللاھ) نىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنى ئىرادە قىلىدۇ، بىراق شەرىئەت ئىنسانىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ ياكى ئىسلامنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا كەلگەن خۇسۇسىيىتىنى سەتلەشتۈرۈشكە يول قويمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، شەرىئەت پايدا ـ مەنپەئەت بىلەن زىيان ئارىسىنى سېلىشتۇرۇش مەسىلىسىنى

ھاكىملار، ئالىملار ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرگە تاپشۇرغان» [1].

## بوھران ياكى كىرىزىسلەرنىڭ نەتىجىلىرى

بىرلەشتۈرگۈچى ئەقىل ئېغىر سىياسىي كىرىزىسكە دۇچ كەلمەكتە، بۇ كىرىزىس پۈتۈن كۈچىنى بىرلەشتۈرىدىغان، ۋەتەننى ئاساس قىلىدىغان، بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرىدىغان ۋە تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان پىشىپ يېتىلگەن سىياسىي پىلاننىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكىدە نامايان بولىدۇ.

بۇ ئەقىل جەمئىيەت ئىچىدە كىملىك كىرىزىسىگە دۇچ كەلمەكتە، چۈنكى بۇ جەمئىيەتتە ئىسلام، ئەلمانىزىم، مىللەتچىلىك، لىبېرالىزم، ئۇلۇس دۆلىتى (مىللىي دۆلەت) ۋە سولچى ئېقىملار توقۇنۇش ئىچىدە ھەرىكەت قىلماقتا.

بۇ ئەقىل يەنە ئۆتمۈش بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چۈشىنىشتە ياكى دىنىنى چۈشىنىشتە ياكى بۈيۈك قىممەت قاراشلىرىنى جانلاندۇرۇشتا ئاڭ - سەۋىيە كىرىزىسىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئېنىق يول خەرىتىسى ياكى ئېنىق پىلان ياكى ئېنىق ۋاستىلەرگە ئىگە بولمىغان بۇ كىشىلەردە ۋە كىرىزىسلەر بىلەن ئاجىزلىشىپ كەتكەن بۇ شەخسلەردە تۈرلۈك بېسىملار سەۋەبىدىن ئاشقۇنلۇق ئۇرۇقى شەكىللىنىپ، ئۈممەتنىڭ بەدىنىگە سانجىلىدىغان يارىلاندۇرغۇچى تىكەن بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

---

[1] د. بەككار، «ئاشقۇنلۇق ئېگىنى پارچىلاش» 17 - بەت

## تۆتىنچى، ئاشقۇنلۇق كۆرۈنۈشىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەبلەر

سىياسىي ئاشقۇنلۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشىغا، بەزى جامائەتلەردە مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشكە ھەسسە قوشقان پىكرى ۋە ئىستىلى بۇرۇلۇش ئامىللىرى تۆۋەندىكىچە:

*1 – ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مۇستەبىتلىكى:*

مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە زۇلۇم قىلىشى، ئۇلارغا رەھىمسىزلىك قىلىشى ۋە تىنچ سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇيۇقلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ئاشقۇنلۇق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مىسىردا سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتى شەكىللەنگەن دەۋردىكى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

*2 – خەلق ئىرادىسىنى مۇسادىرە قىلىش:*

خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھۆرمىتىنى قوغداش ئىستەكلىرىگە يول قويماسلىق ۋە دېموكراتىيە تاللاش يوللىرىنى ئىنكار قىلىش.

مەسىلەن، 1991 ـ يىلى ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئەركىن سايلامدا غەلىبە قىلغاندا، سايلام نەتىجىسى مۇستەبىت ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بىكار قىلىپ تاشلانغان. بۇ سەۋەبتىن، ئىچكى ئۇرۇش ھالىتى يۈز بەرگەن، نۇرغۇن قان

تۆكۈلگەن ۋە سايلامدا ئۇتقان تەرەپنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى قولغا ئېلىنغان.

شۇنداقلا 2012 ـ يىلى مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى سايلامدا غەلىبە قىلغان ۋە بۇ سايلام نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت قۇرغان. بىراق مۇستەبىتلەر خەلقنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىنى قوبۇل قىلالماي، قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە ئىچكى توقۇنۇش پەيدا قىلغان.

***3 – گۇناھسىز كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە قاماش:***

مىسىر رەئىسى ئابدۇنناسىرنىڭ زامانلىرىدا كوممۇنىست ھاكىمىيەت تەرىپىدىن نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەر تۈرمىلەرگە قامالغان ۋە بۇ كىشىلەر ۋەھشىيلەرچە قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن. مۇسۇلمان دەپ ئاتالغان ساقچىلار ۋە ھاكىملار تەرىپىدىن بىگۇناھ كىشىلەرگە ۋەھشى قورقۇنچلۇق ۋە ھاقارەتلىك قىيىن ـ قىستاقلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئۇلارغا قارىتا كاپىر دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشقا سەۋەب بولغان. بۇلارنىڭ ئىسمى مۇسۇلمان بولغان بىلەن، ئەمما ئۇلار گىتلېر ۋە ئىتالىيەلىك مۇۋسولىنىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ۋەھشىي قىلمىشلارنى سادىر قىلغان. تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاق نەتىجىسىدە دەھشەتلىك ئازابقا يولۇققان بىر بۆلەك كىشىلەر ئازابلىغۇچى ۋە قىينىغۇچى جاللاتلار ھەققىدە «ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

### 4 – گۇرۇھۋازلىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشى:

2003 - يىلى سادىدام ھۆسەيىنىنىڭ ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن، ئىراقتا شىئەلەر تەرىپىدىن ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش خىتابلىرى ۋە سۈيىقەستلىرى ئەۋج ئالدى. ئىراقتىكى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلدى.

گۇرۇھۋازلىق خاراكتېرىگە ئىگە سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرقانچە ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىشى ۋە ئىراقتا ھولاكوغا ئوخشاش ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا زوراۋانلىقنى پەيدا قىلغان.

ئەلۋەتتە ئىران ۋە ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئىراقتىكى ئىچكى پارچىلىنىشنى تېخىمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. ئانا ۋەتىنى ئىراقتىن مەجبۇرىي ئايرىلىشقا ۋە سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇرلىنىپ ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە بولۇنۇپ كەتكەن نەچچە مىليون خەلق ئاشقۇن تەشكىلات دائىشقا قوشۇلۇپ كەتكەن، يەنە بىر بۆلۈكى دائىشتىن قۇتۇلۇش باھانىسىدا ئاشقۇن شىئە تەشكىلاتلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئىراقتا شەكىللەنگەن ئاشقۇن دائىش تەشكىلاتى «بازا تەشكىلاتى»نىڭ تەرەققىي قىلغان نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاشقۇنلۇق پىكرى ئۇچۇر دەۋرىدە تېز سۈرئەتتە بىر قانچە دۆلەتلەردە تارقىلىپ كەتكەن، مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش ۋە جەمئىيەتلەرنى

جاھىلىيەتكە چىقىرىش پىكرى ھەر ساھەدە لەيلەپ يۈرگەن، تۈرمىلەردە قىينىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرقىراشلىرى زىندانلارنى تېشىپ ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ قۇلۇقىغا قەدەر كەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «بىزنى مۇشۇنداق قىينىغانلار مۇسۇلمان ئەمەس» دېگەن يەكۈن خۇلاسىلەنگەن.

يېڭى دەۋردە ئاشقۇنلۇقنى شەكىللەندۈرگۈچى ۋە غىزالاندۇرغۇچى ئاساسلىق شەخسلەر ۋە كىتابلار:

1 ـ شۈكرى مۇستاپا

2 ـ ئابدۇسالام پەرەج ۋە ئۇنىڭ «يوقىلىپ كەتكەن پەرز» ناملىق كىتاۋى.

3 ـ سەييىد ئىمام شەرىپ ۋە ئۇنىڭ ئافغانىستاندا يېزىلغان «ئۇمدە»، «جامى» ناملىق ئىككى كىتاۋى.

4 ـ ئەيمەن زەۋاھىرى ۋە ئۇنىڭ «ئاچچىق ھەقىقەتلەر» ناملىق كىتاۋى.

5 ـ ئۇسامە بىن لادىن ( بەزىلەر ئۇنى بەزى قاراشلىرىدىن يانغان دەپ قارايدۇ).

6 ـ ئەبۇ قەتادە پەلەستىنى ۋە ئۇنىڭ «جىھاد ۋە ئىجتىھاد» ۋە «ئىككى مىتود ئارىسىدا» ناملىق كىتاۋى.

7 ـ ئەبۇ مۇسئەب سۈرى ۋە ئۇنىڭ «ئىسلام دۇنياۋى قارشىلىق چاقىرىقى» ناملىق كىتاۋى.

8 ـ ئەبۇ بەكر بەغدادى (دائىشنىڭ ئەمىرى).

9 ـ ئەبۇ بەكىر ناجى ۋە ئۇنىڭ «ۋەھشىلەرچە ئىدارە قىلىش» ناملىق كىتاۋى.

10 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھاجىر ۋە ئۇنىڭ «قان چۈشەنچىسى» ناملىق كىتاۋى.

11 ـ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى ۋە ئۇنىڭ «مىللىتى ئىبراھىم» ناملىق كىتاۋى.

# ئككنچى قسم

## سىياسىي ئاشقۇنلۇقنىڭ خاراكتېرى

بىز بۇ تېمىدا جىھاد ئېقىمىغا تەۋە ئاشقۇنلۇقنىڭ ھەممىسىنى ساناپ ئولتۇرمايمىز، بەلكى سىياسىي ۋە پىكرى ئاشقۇنلۇقنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

### بىرىنچى، ئاۋانگارت پىكرىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى

بەزى ئىسلام جامائەتلىرى سىياسىي تەجرىبىنىڭ ئىلگىرىكى مەزگىللەردە تەتبىقلانغانلىقىنى ۋە نەتىجە بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئاتلىنىدۇ. بۇ ھېس قىلىش نەتىجىسىدە بۇرۇن تەتبىقلانغان سىياسىي تەجرىبىنى ھەر زامان تەتبىقلاشقا يارايدىغان ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە سۆرەپ يۈرىدۇ ۋە ھەر دائىم كاللىسىغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. شۇنداقلا بۇلار: «شەرىئەت ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقسىلا رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئاۋانگارت بىر بۆلەك ياشلارنىڭ مەيدانىغا چىقىشى لازىم» دەپ قارايدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ مەسىلە ھېممەتنى

قوزغاش، پىكىر ۋە جەمئىيەت يېتەكچىلىرىنىڭ ئۇممەتنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن يۈزلەندۈرۈش ئاسان ۋە قولايدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق ئاۋانگارت ئاتالغۇسى قىممەت قاراش ۋە باشقا پرىنسىپلاردىن چوڭقايتىلىپ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلغاندا، ئىستىلى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى نۇقسان پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل تائىپىسى دەپ قاراپ، باشقا قىممەت قاراشلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ، چۈنكى بۇلار «غەلىبە قىلىدىغان ئېقىم» ۋە «ياردەم بېرىلىدىغان تائىپە» ھەدىسلىرىنى پەقەت ئۆزلىرىگىلا تەتبىقلايدۇ.

مەسىلەن، ئابدۇسالام پەرەج «يوقىلىپ كەتكەن پەرز» ناملىق كىتاۋىدا تۆرلۈك ئىسلام ئېقىملىرىنى ساناپ چىققان. ئۇ ئىسلام بىلىملىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئېقىمى، قەلبنى پاكلاش ئېقىمى، خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بەزى مەنسەپلەرنى قوبۇل قىلىش ئېقىمى، دەۋەت ياكى جىھاد قىلىش ئۈچۈن يىراق ئەللەرگە ھىجرەت قىلىش ئېقىملىرىنى ساناپ كېلىپ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى مەقسەتنى ھاسىل قىلالمايدۇ، ھەمدە ئۇ توغرا يول ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇسۇللار كاپىرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ۋە قوللىغانلىق بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا قورallىق جىھاد يولىنى تۇتۇپ مېڭىش لازىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بىر يول پايدا قىلمايدۇ ۋە ئۇنۇم بەرمەيدۇ، دەپ قارىغان.

بىراق ئابدۇسالام پەرەج قەلبى ۋە نەپسى جەھەتتىن

پـاكلاش تەربىيىسـى ئېلىـپ بېرىلمىغـان ياشـلار بىلـەن جىھـاد ھەرىكىتـى ئېلىـپ بېرىلسـا، بۇلارنىـڭ ئۆزۈنىغـا قالمـاي تەشـكىلاتقا ياكـى يېتەكچىگـە قارشـى سىياسـىي خۇسـۇمەتچىگە ئايلىنىدىغانلىقىنـى ئۇنتـۇپ قالغـان. بىلىـم ـ مەرىپەتكـە ئىگـە بولمـاي تـۇرۇپ باشـلانغان قورallىق ھەرىكەتنىـڭ بۇلاڭچىلىق ۋە جەمئىيەتنـى خاراب قىلىشقا ئايلىنىـپ كېتىدىغانلىقىنـى ئۇنتـۇپ قالغـان. ياخشـىلىق قىلىدىغـان جەمئىيەتلـەر شەكىللەنمىسـە، تـۇل ئايالـلار، يېتىملـەر تاشـلىنىپ قالىدىغانلىقـى ۋە قايسـىبىر جىھـاد ھەرىكىتىنـى قوللايدىغان خەلـق قۇچىقىنىـڭ يىمىرىلىـپ تۈگەيدىغانلىقىنـى ئۇنتـۇپ قالغـان. شـۇنداقلا ئـۇ دەۋەت قىلىـش ئۈچـۈن مىنبـەر ئۇچـۇق ۋە كىشـىلەر بىلـەن ئالاقىلىشـىش ئۇسـۇللىرى قولايلىـق بولسـا، قـورال كۆتۈرۈشـكە ئەسـلا ئېھتىياجنىـڭ يوقلۇقىنـى ئۇنتـۇپ قالغـان.

ئاۋانـگارت ئۇقۇمىدىـن مەقسـەت ئىرادىنـى يالقۇنلىتىـش ۋە قەيسـەرلىكنى جانلاندۇرۇشـقا ئۇرۇنـۇش كـۆزدە تۇتۇلـدۇ، بىـراق ئـۇ ئۇقۇمنـى ئـۆز ھەجمىدىـن چوڭايتىۋېتىـش، ئۆزىنـى جاھىلىيـەت جەمئىيىتىدىـن ئۈسـتۈن تۇتـۇش باھانىسـى بىلـەن باشـقا پائالىيـەت قىلىۋاتقانلاردىـن ئۆزىنـى ئۈسـتۈن تۇتىدىغـان، ئاندىـن قىسـمەن ئۇسـۇللىرى ئوخشـىمايدىغان باشـقا ئېقىمدىكـى مۇجاھىدلاردىنمۇ ئۆزىنـى ئۈسـتۈن كۆرىدىغـان، ئاندىـن ئۆزىنـى بارلىـق مۇسـۇلمانلاردىن ئۈسـتۈن تۇتىدىغـان ئاڭنىـڭ يامـراپ كەتكەنلىكىنـى مۇلاھىـزە قىلغىلـى بولىـدۇ.

ئەبۇمۇھەممـەد مەقدەسىنىڭ ئىپادىلىشـچە، كـۆپ ساندىكى

كىشىلىرى دىنى، ئالىملىرى ۋە ۋەتەنلىرىگە ياردەم بېرىشتىن پەرۋاسىز قارىغان بىر ئۈممەتكە تايىنىش توغرا ئەمەس. مەقدەسىنىڭ نەزىرىدىكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، سىيلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى خاتا يولغا كىرىپ قالغان، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ بۇ قاراشلىرى ئۈچۈن كاپىرلار ئۈچۈن نازىل بولغان بىر بۆلەك ئايەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن: «ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ»[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلار نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىپ تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلاردىن پەرقلىق ۋە ئايرىم تۇرۇشى كېرەكمىش.

بۇلار ئۆزلىرىگە قېتىلمىغان باشقا كۆزقاراشتىكى مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق ۋە ساتقۇنلۇق بىلەن تۆھمەت قىلىدۇ، سەت سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ ۋە «مەن بىلەن بىرگە بولمىساڭ، مېنىڭ قارشىمدا بولغان بولىسەن» دېگەن كۆزقاراش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

### *ئاۋانگارت پىكىرنىڭ ئاقىۋىتى*

د. ئابدۇلكەرىم بەككار مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان بىر ئۈممەت ياكى بىر ۋەتەن ياكى بىر مەدەنىيەتكە تەۋە

[1] رۇم سۈرىسى، 6 ـ ئايەت

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي ئۇپۇقلىرى كەڭرى بولىدۇ، باشقىلارغا قارىتا ئېچىلىشقا مايىل بولىدۇ، تۇرلۇك بولۇپ ياشاشنى توغرا تاپىدۇ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ساغلام كىشىلەر مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئاشقۇنلار ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەت تەرىپىدىن پىكرىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە جەمئىيىتىنىڭ كۆپلىگەن ئىشلاردا ھەقىقەتتىن چەتنىگەنلىكىنى ھېس قىلغاندا بېكىنمىچىلىككە مايىل بولىدۇ، ئالاقە دائىرلىرىنى تارايتىشقا باشلايدۇ ۋە پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەندىن باشقا كىشىلەرگە ئاشكارىلىمايدىغان بولىدۇ» [1].

ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسى تۆۋەندىكى نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارغان:

1 ـ ئۇلار يۇقىرىقى قارىشىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇممەتنى كەمسىتىدۇ، ئۇممەتنى يېتەرسىزلىك ۋە ئاجىزلىق بىلەن ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇممەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، بەزىدە تېخى ئۇلارنى دۈشمەن كۆرىدۇ ۋە دۈشمەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

2 ـ ئۇلار ئۇممەتنى ئاۋانگارتلار ۋە ئولتۇرۇۋالغانلار (پاسسىپلار) دېگەن نام بىلەن بۆلۈۋېتىدۇ. ئۇممەت بىلەن دائىم توقۇنۇش ئىچىدىكى كىشىلەردەك تۇيغۇدا بولىدۇ، بەزىلىرى ئۇممەت بىلەن بىرگە جىھاد قىلىپ قالسىمۇ، ئۆز پرىنسىپىدىن چۈشۈپ

[1] د.بەككار «ئاشقۇنلۇق ئېڭىنى پارچىلاپ تاشلاش»، 30 ـ بەت

بەرگەنـدەك تۇيغـۇدا تـۇرۇپ بىرگـە جىھاد قىلىـدۇ، ئامالنىـڭ يوقلۇقىدىـن ئۇممەتنـى ۋە ئۇممەتنىـڭ جىھادىنـى قوبـۇل قىلىشقا تەشـەببۇس قىلىـدۇ.

3 ـ ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ كۆزقارىشـىغا بويسـۇنمايدىغان ۋە ئۇلارنىـڭ يېتەكلىشـىگە بويسـۇنمايدىغان ھەرقانـداق سىياسـي ھەرىكەتنـى رەت قىلىـدۇ. بـۇ سـەۋەبتىن، ئۇلارنىـڭ نەزىرىـدە خەلـق قوزغىلىڭـى، نامايـش قوزغـاش ۋە قانۇنـي جەھەتتىـن كـۈرەش قىلىشنىڭ ھېچقانـداق قىممىتى يوق ئىشلاردىن ئىبارەت.

4 ـ ئـۇلاردا ھـەر زامـان دىگـۈدەك تەييـارلاپ قويۇلغـان تۆھمەتلـەر تەييار تىپىلىپ تۇرىدۇ، ئـۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى قوللىمىغـان ياكـى ئۇلارنىـڭ يولىـدا ماڭمىغـان كىشـىلەرگە ـ گەرچـە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسىمۇ ـ تۆھمـەت قىلىـپ تۇرىـدۇ. ئۇلارنىڭ تەييار قىلىـپ قويغان ياخشىراق تۆھمەتلىرى خائىنلىـق بىلـەن ئەيىبلـەش، ئۇنـداق بولمىسـا باشـقىلارنى شـەيتان قىلىـپ كۆرسـىتىش، مۇرتـەد ھۆكمىنـى چىقىرىـپ قېنـى ۋە مـال ـ مۈلكىنـى ھـالال ساناشـتىن ئىبـارەت.

بـۇلار ئۆزلىرىنـى ھەدىسـتە تىلغـا ئېلىنغان «غەلىبـە قىلغـان ئېقىـم، فىرقـە ناجىيـە» دەپ سۈپەتلىشـىدۇ، مۇتەئەسسـىپلىك قىلىـپ بـۇ ھەدىسـنى ئۆزلىرىگـە تەتبىقلىشـىدۇ، ئۆزلىرىنـى ھېچكىمگـە تـەڭ قىلمايـدۇ ۋە ئۆزلىرىنـى بىردىنبىـر ھـەق يولـدا كېتىۋاتقانـلار دەپ قارىشـىدۇ.

ئـۇلار بـۇ ھەدىسنى دىنىنىـڭ ئاساسـي قىلىـپ كۆرسـىتىپ، مۇسـۇلمانلارنى جامائەتلەرگـە بۆلۈۋېتىـدۇ. مۇشـۇ ھەدىسـلەرنى

دەلىل قىلىپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلار بىلەن مەيدان ئايرىشىدۇ. ئۆزلىرىنى چوڭ كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر جامائەت بىز دەپ دەۋا قىلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى سەلەپ سالىھلارنىڭ تەمسىلچىسى قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ.

## ئىككىنچى، خەلىپىلىك مەسىلىسىدە ئاشقۇنلۇق قىلىش

ئاشقۇنلار «خەلىپىلىك تۈزۈمى ھەل قىلىش چارىسىدۇر» دېگەن قاراشنى چوڭايتىۋەتكەن، ھىزبۇتەھرىرمۇ بۇ مەسىلىدە ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئۇلار سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالماستىن ۋە ئاجىز خەلقلەرنىڭ ھالىغا رىئايە قىلماستىن، بارلىق سىياسەتلەرنى مۇشۇ يۆنىلىش ئاساسىدا قۇيۇپ چىققان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىبراھىم سامرائى (ئەبۇ بەكر بەغدادى)نىڭ قولى ئارقىلىق ئۇبرازى خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن خەلىپىلىك ئېلان قىلىنغان، ھالبۇكى ئۇنىڭ قىلمىشلىرى خەلىپىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان كىشىلەرگە خەلىپىلىكنى يامان كۆرسەتكەن، بەلكى بۇ سەۋەبلىك جىھادنى سەت كۆرسەتكەن، بۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈۋەتكەن.

بۇ يەردە شۇنى ئىشارەت قىلىش كېرەككى، پىكىرنىڭ ساپلىقى زامان سىياقىغا ئۇيغۇن كىلىشى كېرەك، چۈنكى خەلىپىلىكنىڭ يۆتكىلىپ كېلىش شەكلى قۇتقۇزغۇچى ئامىل بولۇشى مۇمكىن، بىرلىك ئاملى بولۇشى مۇمكىن،

بەزىدە مۇستەبىتلىك ئاملى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا پىكىرنىڭ توغرىلىقى بىلەن جەريان ياكى شارائىت ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. پىكىرنىڭ توغرا بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى توغرا پىكىر ئەمەلىي رېئال شارائىتقا تەتبىقلاش ئۈچۈن ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

بەغدادنىڭ جامائەتكە قارايدىغان بولساق، ئۈممەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان، ياكى بىرەر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ياكى بىرەر ئېقىمغا ۋەكىل بولالمايدىغان بىر بۆلەك كىشىلەر پەيدا بولۇپ، ئۈممەت تونۇمايدىغان بىر كىشىگە بەيئەت بەرگەن، ئۇنىڭ قۇرەيشكە نەسەبىنىڭ تۇتۇشىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشقان ۋە ئۇنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلىشقان.

بۇلار شارائىتقا قىلچە رېئايە قىلمىغان، چۈنكى ساھابىلەر دەۋرىدە خەلىپىلىك ئېلان قىلىنغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزى بىر ئىدى، سىياسىي مەنبەسى بىر ئىدى، قوشۇنى بىر ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئىسلام جەمئىيىتىنى تەمسىل قىلىدىغان نەچچە دۆلەت بار، ھەربىر دۆلەتنىڭ ئايرىم ئېقىملىرى بار، ئايرىم پىكىرلىرى بار. بۈگۈنكى دۇنيا بۇرۇنقى دۇنياغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بۈگۈن مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي بىرلىك مەنبەسى يوق، پىكىر بىرلىكى تېخى يوق، بەلكى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىرىدىن بەكرەك ئۆز ئىچلىرىدە ئىچكى سىياسىي تالاش ـ تارتىش ۋە سىياسىي توقۇنۇش بار. شارائىت مۇشۇنداق تۇرسا،

سالاھىيىتى ئىبىق بولمىغان بىر كىشىنى نامەلۇم بىر بۆلەك كىشىلەر تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى (سىياسىي ھاكىمى) دەپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق سىياسىي بىرلىك مەنبەسىنى شەكىللەندۈرگىلى بولامدۇ؟!

بۇلار دائىم «ھاكىمىيەت شەرىئەتكە مەنسۇپ» دەپ دەۋا قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار شەرىئەتنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئەمەل قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ قۇرئاندا: «ئۇلار ئىشلىرىنى كېڭەش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ» دېگەن[1]، بىراق، ئۇلار بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلمايدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھاكىم ياكى رەئىس تاللاشتەك ئەڭ مۇھىم مەسىلىدە مەسلىھەت قىلىشمىسا، قايسى ئىشتا مەسلىھەت قىلىشىدۇ؟!

بىر بۆلەك كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپلا ئۈممەت تونۇمايدىغان بىر كىشىنى ئۈممەتكە خەلىپە سايلاپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشنى ۋاجىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىسلام زېمىنى، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى كۇپرى ۋە شېرىك زېمىنى دەپ ئېلان قىلسا، كېڭەش بىلەن ئىش قىلغان بولامدۇ؟

بۇلارنىڭ خەلىپىلىك پروگراممىسىدا شەكىل ۋە شوئاردىن باشقا نەرسە تېپىلمايدىغانلىقى ئېنىق، چۈنكى ئۇلار خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە مەزمۇنلىرىنى تۇتۇپ ماڭمايدۇ. خەلىپىلىك دېگەن دىن ۋە دۇنيالىقنى قوغداش، كىشىلەرنىڭ پايدا - مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش، چېگرانى

[1] شۇرا سۈرىسى، 38 - ئايەت

قوغداش، بىلىم ـ مەرىپەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى ئەمەسمۇ؟ خەلىپىلىك ئىبلان قىلىنغان ھامان بۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق قىيىنچىلىقلار ھەل بولۇپ كېتەمدۇ؟

ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، توغرا يول تۇتقان ئادىل خەلىپىلەر بولغان، شۇنداقلا يەنە ئازغۇن ۋە تەنتەكلىك قىلغان خەلىپىلەرمۇ بولغان، بەلكى بەزى خەلىپىلەر كىچىك باللار بولۇپ، ۋەزىرلەر ئۇلارنى خالىغانچە ئىدارە قىلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بىز بۇ يەردە تارىخنى مۇھاكىمە قىلماقچى ئەمەس، لېكىن خەلىپە ئىبلان قىلىنىسىلا بارلىق خاتا ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ياخشى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تەييار قېلىپنى قوبۇل قىلماسلىقتا ھەققىمىز بار.

***ئىسلامدا خەلىپىلىكنىڭ مۇئەييەن شەكلى بارمۇ؟***

خەلىپىلىك دېگەن ھاكىم بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى سىياسىي كېلىشىمدىن ئىبارەت، پۇقرالار بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن دىننى ھىمايە قىلىش ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا خەلىپە ياكى ھاكىمنى ۋەكىل قىلىدۇ. خەلىپە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت قانۇنىي مەنبەلىرىدە ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ شەكلىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن، بەلكى ھايات ئىشلىرىنى توغرا يوسۇندا ئىنتىزامغا سېلىشقا يارايدىغان بىر بۆلەك سىياسىي پرىنسىپلارنى ۋە ئۆزگەرمەس قىممەت قاراشلارنى يولغا قويۇپ بەرگەن. ئەگەر

بۇ سىياسىي پرىنسىپلار ۋە يۈكسەك قىممەت قاراشلار سىياسىي تۈزۈملەردە رىئايە قىلىنسا ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئەمەلىي كۆچكە ئىگە بولسا، ئۇ چاغدا توغرا ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، قۇرئان كەرىم كېڭەش قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي پرىنسىپ ياكى قىممەت قاراش ھەققىدە: «ئۇلار ئىشلىرىنى كېڭەش بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ» دېگەن[1]. يەنە: «ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېگەن [2].

دېمەك، كېڭەش قىلىش سىياسىي پرىنسىپتۇر ۋە ئەخلاقىي قىممەت قاراشتۇر. كېڭەش قىلىش زامان، ماكان ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ھەر دەۋرگە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە تەتبىقلىنىدۇ، ئۇنىڭ مۇئەييەن قېلىپى بولمايدۇ. بۇ يەردە مۇھىم بولغان مەسىلە كېڭەشنىڭ روھى ۋە مەقسىتىنى ھىمايە قىلىشتۇر. كېڭەش روھىغا ئاساسەن خەلقنىڭ رازىلىقى ۋە تاللىشىغا رىئايە قىلىش، قارارلاردا مۇستەبىتلىك قىلماسلىق ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى چەكلىمەسلىك لازىم.

قۇرئان كەرىم ھاكىملاردا تېپىلىشقا تېگىشلىك ئامانەت ۋە لاياقەتتىن ئىبارەت قىممەت قاراش ھەققىدە توختالغان، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ ۋەقەلىكىدە: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ

[1] شۇرا سۈرىسى، 38 ـ ئايەت
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 ـ ئايەت

ياخشىسىدۇر، كۆچلۈكتۇر، ئىشەنچلىكتۇر» دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلغان [1]. بۇ ئايەتتىكى ئامانەت سۆزى يۈكسەك ئەخلاقىي تەرەپنى كۆرسەتسە، كۈچلۈك دېگەن سۆز لاياقەت ۋە ئىقتىدار سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم يەنە ئادالەت قىممەت قارىشى ھەققىدە: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن [2].

دېمەك، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ شەكلىنى ياكى قېلىپىنى كەسكىن شەكىلدە بەلگىلەپ بەرمىگەن، بەلكى بۇ مەسىلىلەرنى ھەر دەۋرگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ كوللېكتىپ ئىجتىھاد قىلىشىغا تاپشۇرغان. بۇنىڭ شەكلى ۋە خاراكتېرىنى مۇجتەھىد ئالىملار بەلگىلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنىمۇ بەلگىلەپ بەرمىگەن، ئۈممەت ئۆزى مۇناسىپ دەپ قارىغان كىشىنى سايلاپ چىققان.

### بۇ مەسىلىدە سەلەف سالىھلارنىڭ ئىجتىھادلىرىمۇ تۈرلۈك بولغان

خەلىپىلىك تۈزۈمى بىرقانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن،

[1] قەسەس سۈرىسى، 25 ـ ئايەت
[2] نىسا سۈرىسى، 58 ـ ئايەت

ئۈنىڭدا ھوقۇقنى قولدىن قولغا ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرى ياكى چارە ـ تەدبىرلىرى تولۇق بولغان. مەسىلەن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ چوڭلىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت بەرگەن. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بەيئىتىدە نامزات كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۈممەت رازى بولۇپ بەيئەت قىلغان. ئاندىن ھەزرىتى ئوسمان مەركىزىي كومىتېت ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان. ئاندىن ھەزرىتى ئەلى مەدىنە شەھىرىدىكى مەجلىس (پارلامېنت) ئەزالىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان. ئاندىن ھەزرىتى ھەسەن ئۈممەتنىڭ سىياسىي بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇئاۋىيەگە سىياسىي ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ بەرگەن. ئاندىن مۇئاۋىيە خەلىپىلىكنى بالىسى يەزىدگە مىراس قالدۇرغان، مۇشۇ تارىختىن تارتىپ خەلىپىلىك ياكى ھاكىمىيەتنى بالىسىغا مىراس قالدۇرۇش ۋە ھاكىمىيەتنى كۈچ ئارقىلىق تارتىۋېلىش شەكىللىرى پەيدا بولغان. كېڭەش قىلىش پەقەتلا دۆلەت ئەربابلىرى ئارىسىدا تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالغان.

1924 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ زاماندىن بۇيان خەلىپىلىك مەسىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىپ قالدى، مۇسۇلمانلار شۇ كۈندىن بۇيان خەلىپىلىك تۈزۈمىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا. ئەقلىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان مەسىلە ئەمەس، خەلىپىلىك

بەلكىم تېخىمۇ كۈچلۈك شەكىلدە ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن. بىراق ھازىرقى سىياسىي ئىمكانىيەت ۋە رېئال شارائىتتىن قارىغاندا، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى بىر خەلىپە ياكى بىر ھاكىم باشقۇرىدىغان كونا ئىمپېرىيە تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلىدۇر.

1 ـ مۇسۇلمانلار ھازىر بىرقانچە ئېقىم، گۇرۇھ، مەزھەپ ۋە مۇتەئەسسىپ مىللەتچىلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە مەۋجۇد بولغان دۆلەتلەر مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن.

2 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېقىملىرى كۆپىنچە ھاللاردا بىر ـ بىرىگە قارشى ئېقىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بىر ئۇستاز ياكى بىر مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئورتاق بىر ئىدىيەدە تەربىيىلەنمەسلىكى بۇنىڭ ئەمەلىي بىر مىسالىدۇر.

3 ـ مۇسۇلمانلار ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا قالغان. نادانلىق، كەمبەغەللىك ۋە ئارقىدا قېلىش كۆپلىگەن ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى ئىگىلەپ كەتكەن. باشقىلار ھەربىي ۋە تېخنىكا ساھەسىدە تەرەققىي قىلىپ كەتكەن.

4 ـ خەلقئارا ئالاقىنىڭ سىياسىي خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئىمپېرىيە زامانىي ئاخىرلاشقان. دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت چېگرالىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قارارىغا بويسۇنمىغان ھالدا بەلگىلەنگەن ۋە بۇ توغرىدا كېلىشىمنامىلەر ئىمزالانغان.

بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى شارائىتتا خەلىپىلىك

تۇزۇمىنى بۇرۇنقى ئىمپېرىيە شەكلىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش مۇسۇلمان خەلقلەرنى ناھايىتى ھالسىرىتىۋېتىدۇ ۋە مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئۆز ئارىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇشلارغا سۆرەپ كىرىدۇ.

مەسىلەن، ئاشقۇنلارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەدنانىنىڭ خەلىپىلىكنى ئېلان قىلىش باياناتىغا قاراپ باقايلى. ئۇ باياناتىدا: «ئى مۇسۇلمانلار! بۇرۇنقىدەك زېمىننىڭ پادىشاھلىرى، جەڭلەرنىڭ چەۋەندازلىرى بولۇشۇڭلار ئۈچۈن خەلىپەڭلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇڭلار، ئىززەتلىك ۋە شەرەپلىك ھالدا ياشىشىڭلار ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىڭلار. بىلىپ قويۇڭلاركى، بىز ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز، ئاللاھ بۇ دىنغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان، بۇ ئۈممەتكە ئىززەت - شەرەپ ۋە ئۈستۈنلۈكنى بەلگىلىۋەتكەن، بۇ ئۈممەتنىڭ زېمىنغا خەلىپە بولۇشىغا ۋەدە قىلغان. ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر سىلەر دېموكراتىيە، ئەلمانىزم، مىللەتچىلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا غەربنىڭ پىكىرلىرىگە كاپىر بولساڭلار، دىنىڭلارغا ۋە ئەقىدەڭلارغا قايتساڭلار زېمىنغا ھاكىم بولالايسىلەر، ئۇ چاغدا سىلەرگە شەرق ۋە غەرب بويسۇنىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىدۇر... بۇ دۆلەتكە ياردەم بېرىشتىن قېچىپ كېتىشتە شەرئى باھانە تاپالمايسىلەر، چۈنكى بۇ خەلىپىلىك دۆلىتىدۇر، بۇ ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىدۇر، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىدۇر» دېگەن.

بۇلارنىڭ خىتابىدىكى ئەقىدە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى

بىلىشتىكى يۈزەكىلىك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلماي زاھىرىي بويىچە ئىش قىلىش، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە پەرۋا قىلماسلىقنى بىرئاز مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ۋە توغرا سىياسىي پرىنسىپلىرىنى سەتلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

دائىشنىڭ خەلىپىلىكنى ئېلان قىلىپ سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاش مۇمكىن:

1 ـ ئۇلار ئۈممەتنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماستىن خەلىپىلىكنى ئېلان قىلغان، كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان ئەزالىرىنى بۇ دۆلەتتە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان.

2 ـ مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئاجىزلىق باسقۇچى ۋە تېخى ئۈممەتنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلالماسلىق شارائىتى خەلىپىلىك دۆلىتىنى ئېلان قىلىشقا يار بەرمەيدۇ.

3 ـ ئۇلار خەلىپىلىك مەسىلىسىنى ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇ پەقەتلا توغرا ئەمەس، چۈنكى خەلىپىلىك مەسىلىسى سىياسىي ۋە ئىجتىھادىي بىر مەسىلە بولۇپ، كېڭەش قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئاساسىدا بولىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ئىمان بىلەن ئالاقىسى يوق.

4 ـ ھارامغا سەۋەب بولغان نەرسە ھارامدۇر، بۇ دۆلەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەر قۇربان

بولۇپ كەتكەن.

5 ـ بۇلارنىڭ خەلىپىلىكى باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىش، ئاشقۇنلۇق پەيدا قىلىش، باشقا پىكىردىكىلەرنى خائىنغا چىقىرىش ۋە خەلىپىسىگە بەيئەت بەرمىگەنلەرنى دۈشمەن قىلىۋېلىشقا ئېلىپ بارغان.

6 ـ ئۇلار ھاكىمىيەتنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايىنىپ بۇلاپ ئېلىش ئۇسۇلىغا تايانغان، كىشىلەرنى بەيئەت بېرىشكە مەجبۇرلىغان ۋە بەيئەت بەرمىگەنلەرنى ئۆلتۈرگەن.

***«دابىق» مەلھەمىسى***

ئاشقۇنلاردا بەزى ھەدىس رىۋايەتلىرىنى ئۇيغۇن كەلسۇن ياكى ئۇيغۇن كەلمىسۇن ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىقىغا بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك غەلىتە تۇيغۇ تېپىلىدۇ. ئۇلار ھەلەپ يېزىلىرىدىكى «دابىق» دېگەن رايونغا كىرگەن ھامان، رىملىقلار بىزگە قارشى 80 بايراق ئاستىدا يىغىلىدۇ، دەپ جاقىرغان.

ئامېرىكىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا دائىشقا قارشى خەلقئارا ھەمكارلىق قوشۇنى شەكىللەنگەن ھامان، ئۇلار مانا بۇ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قىلغان ۋەدىدۇر دەپ توۋلاشقان. ئۇلار ھەدىسنى خاتا چۈشىنىش سەۋەبىدىن مۇسۇلمان ياشلارنى كۆيدۈرگۈ ئوتلارغا ئىتتىرگەن ۋە ئۇلارغا شەكسىز غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىشكەن. بۇلار دابىقتىن مەغلۇب بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەدىستە مەقسەت قىلىنغان دابىق جېڭى بۇ ئەمەسكەن

دېيىشكەن.

ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ياش يىگىتلەرنى ئالدىغانلىقىنى ۋە ئورۇنسىز ئۇتقا ئىتتىرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يىغلىماي تۇرالمايسىز. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ چىقارغان ژۇرنىلىغا دابىق نامىنى قوللانغانلىقىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايسىز.

### كېڭەش مەجلىسى ياكى پارلامېنت ئەزالىرى

ئىسلام تارىخىدىكى «ئەھل ھەل ۋە ئەقد» (يەنى كېڭەش ئەزالىرى) دېگەن ئۇقۇم تەجرىبە ۋە ھادىسىلەر ئىشلەپچىقىرىدىغان سىياسىي ئۇقۇمدۇر، شۇنداقلا بۇ ئۇقۇم ھەر خىل شارائىتلارغا قارىتا ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئىنسانىي ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا كېڭەش ئەزالىرى ھەققىدە ئۇلارنىڭ سانى ياكى سۈپەتلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان شەرئى دەلىل تېپىلمايدۇ. بۇلار ئاممىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قارار ئالغۇچىلارنى ئىپادىلەيدىغان شەخسلەردىن ئىبارەت.

بىز پاكىز ۋە ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدە گەپ - سۆز قىلغىنىمىزدا، ئاشقۇنلار سايلام ئۆتكۈزۈش پىكرىگە قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار: كېڭەش ئەزالىرى دېگەن خەلىپە ياكى سۇلتانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەكىللىنىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا كېڭەش ئەزالىرى قانداق ئادەملەردىن تەشكىل تاپىدۇ؟

سىز بەغدادىنىڭ ئۆزلىرىنى خەلىپىنىڭ ياردەمچىلىرى

دەپ ئاتىۋالغان ياردەمچىلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشسىڭىز، ئۇلار سىزگە ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىسىگە بەيئەت قىلىش توغرىسىدا، بەيئەت قىلمىسا زادى ئىختىيارلىقىنىڭ بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتىنىڭ پەقەتلا يوقلۇقى توغرىسىدا شەرئى دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلمىسىڭىز سىزنى ئىسلامغا قارشى، مۇسۇلمانلارغا قارشى ۋە ئاسىي دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. ئۇلار بۇنى مۇنبەرلىرىدە ئېنىق ئىپادىلىمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار خەلىپىسىگە بەيئەت قىلىشقا قوشۇلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ كارۋىنىغا قېتىلمىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن.

ئەگەر سىز ئۇلارغا: «سىلەر قانداقمۇ ئۇممەتنىڭ قارارىنى ئۆزۈڭلار خالىغانچە چىقىرىسىلەر؟ قانداقمۇ سىلەر ئۇممەت رازى بولمايدىغان كىشىنى سايلاپ چىقىسىلەر؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار: «بۇ ئىشنى كېڭەش ئارقىلىق قىلدۇق، كېڭەش ئەزالىرى خەلىپىگە بەيئەت بەرگەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ كېڭەش ئەزالىرى دېگەن ئادەملىرى، ئۆز جامائىتىنىڭ ئەمىرى ئەتراپىدىكى بىرقانچە كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن خەلىپىسىنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى ۋە كېڭەش ئەزالىرىغا ئايلىنىپ قالغان كىشىلەردىن ئىبارەت.

ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە كېڭەش ئەزالىرىنى بەلگىلەش ئىجتىھادىي مەسىلە تۇرسا، بۇ مەسىلىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىلىچ كۆتۈرسە، كاللا كەسسە ۋە بۇ مەسىلىنى تەۋەللا ۋە

تەبەررا (سۆيگۈ مۇھەببەت ۋە نەپرەت)دىكى ئەقىدە مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇۋالسا قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟ سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەمىرى تەرىپىدىن كېڭەش ئەزالىرى بەلگىلىنىپ، قارارلىرىنى ئۈممەتكە تاڭسا توغرا بولامدۇ؟

***ئىسلام قۇرۇلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نېمە قىلىش لازىم؟***

ھازىرقىدەك مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سىياسىي تۈزۈم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مۇسۇلمانلار نېمە ئىش قىلالايدۇ؟

مۇسۇلمان كىشى ئۈمىدسىزلىككە يولۇقماسلىقى ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بىلەن رېئاللىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئىش - ھەرىكەت قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۈگۈنكى سىياسىي رېئاللىقتا بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كەسكىن ئىرادە تېپىلمىسا، ئۆزىمىز ئىرادە قىلغان نەرسىلەرنى ئىجرا قىلىشقا ئىمكانىيەت تېپىلماي قالىدۇ.

بەلكىم بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار دۇنياۋى ئومۇمىي خەلىپىلىك ياكى پىلانسىز ئوكيان ئاتىلغان ھاكىمىيەت شوئارلىرىنى كۆتۈرمىگەن ئاساستا، سىياسىي ئىشلىرىدا مۇمكىن قەدەر ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ ئىمكانىيەت دائىرىسى

ئىچىدە ھەرىكەت قىلغىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك لايىھەسى ئىچىدە ھازىرقى زامان سىياسىي تەجرىبىلەرگە قاتناشقىنى، دۆلەتنى ۋە خەلقنىڭ ئىلگىرلىشىگە ھەسسە قوشقىنى ئەۋزەل يول بولۇشى مۇمكىن.

خەلىپىلىك مەسىلىسىنى سىياسىي جەھەتتىن چوڭقايتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى تەكىتلەش مۇمكىن:

1 ـ ئىسلامدا تۇتۇپ مېڭىشقا تېگىشلىك ھەممە تەرەپلىرى ئېنىق بەلگىلىنىپ كەتكەن سىياسىي تۈزۈم شەكلى يوق، بەلكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سىياسىي قىممەت قاراشلار ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسىي شەكىللەر بار.

2 ـ خەلىپىلىك مەسىلىسى سىياسىي ۋە ئىجتىھادىي مەسىلە، ئەقىدە ۋە ئىمان مەسىلىسى ئەمەس.

3 ـ ئاساسىي ھوقۇقنىڭ شەرىئەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ ئۈممەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئىككى ئاساسىدۇر.

4 ـ مۇسۇلمانلار بۈگۈنكىدەك بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئاجىزلاپ كەتكەن ۋە ئۆزئارا ئىچكى تالاش ـ تارتىشقا چۈشۈپ قالغانلىق سەۋەبىدىن، بۇ زاماندا ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېتودى بويىچە خەلىپىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىس

سەھىھ بولۇپ قالسا، ئۇ ھەدىس بېشارەت ۋە ياخشىلىقنى كۆرسىتىدۇ، بىراق خەلىپىلىك نامىدا سىياسىي تۈزۈم تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

6 ـ ئۈممەتنىڭ ئاقساقاللىرى ياكى كېڭەش ئەزالىرى بىرلىككە كەلمىگەن بىر كىشى ئۈچۈن بەيئەت تەلەپ قىلىش ياكى بەيئەت بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇ ئاقساقاللارنىڭ ئەركىن ۋە پاكىز سايلام ئارقىلىق سايلىنىپ چىقىشى لازىم بولىدۇ.

7 ـ مۇسۇلمانلار شەخسى ئارزۇ ـ ئارمانىنى دەپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ يۈرمەي، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىشى، سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە ئۆز يۇرتلىرىدا سىياسىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

د. جاسىم سۇلتان: «خەلىپىلىك زېمىندىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىدۇر، بىراق بۇ ئارزۇلار شەكىللەنگەندەك، يەنە يىقىلىشقا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. خەلىپىلىك سىياسىي بىرلىك مەنىسىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئاشۇرماقچى بولغان قايسىبىر خەلق ئۈچۈن يوللۇق تەلەپ بولسىمۇ، بىراق بۇ لايىھەنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن ئىناق ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئورتاق ھەرىكەت قىلالايدىغان مۇقىم ئاستى قۇرۇلمىنى (ھەرىكەت نەزەرىيىسىنى) يارىتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىشقا موھتاج بولىدۇ، بۇ مەسىلە ئېغىزدىكى قۇرۇق شوئار بىلەن

بولمايـدۇ» دېگـەن[1].

د. ئابدۇلكەرىـم بـەككار بـۇ توغرىـدا: «ئەگـەر بىـز مۇسـۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىككـە بولغـان تەشـنالىقىغا قارايدىغـان بولسـاق، بـۇ تەشـنالىقنىڭ توغـرا يـول تۇتقـان خەلىپىلـەردە نامايـان بولغـان قىممـەت قاراشـلارغا تەشـنا ئىكەنلىكىنـى ۋە مۇسـۇلمانلارنىڭ ئـۇلار قوللانغـان ۋاسـىتە - چارىلەردىـن قەتئىينـەزەر، پرىنسـىپلارنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز، چۈنكـى ۋاسـىتە - چارىلـەر كۈنلەرنىـڭ ئۆتۈشـى بىلەن شـارائىت ۋە مەدەنىيـەت تەرەققىياتىغـا ماسلىشـىش ئۈچـۈن ئۆزگىرىشـكە مەجبـۇر بولىـدۇ. ئەممـا پرىنسـىپلار تەۋرەنمـەس تاغـدەك مۇقىـم بولـۇپ ئۆزگىرىشـنى قوبـۇل قىلمايـدۇ» دېگـەن[2] .

## ئۈچىنچى، ھاكىمىيەت ئۇقۇمنى چوڭقايتىۋېتىش

ھاكىمىيـەت شـېرىكى يـوق بولغـان يالغـۇز ئاللاھقـا خاسـتۇر، قانـۇن چىقىرىـش ئاللاھقا خاسـتۇر، شـۇڭا شـەرىئەتكە تايانمـاي تـۇرۇپ ھـالال ياكـى ھـارام دەپ ھۆكـۈم چىقارغىلـى بولمايـدۇ، مانـا بـۇلار ئىمانىنـىڭ ئاساسـلىرىدۇر ۋە دىنىنـىڭ ئۆزگەرمـەس پرىنسـىپلىرىدۇر، چۈنكـى ياراتقۇچـى ۋە قانـۇن قويغۇچـى ئاللاھـدۇر: «يارىتىـش ۋە ئەمـر قىلىـش (يەنـى كائىناتنـى باشـقۇرۇش) راسـتىنلا ئاللاھنىـڭ ئىلكىدىـدۇر»[3]. جەمئىيـەت ۋە دۆلەتنـى ئىـدارە قىلىشـمۇ ئاللاھنىـڭ كۆرسەتمىسـى بويىچـە

[1] د.جاسىم سۇلتان «ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ كرىزىسى»، 45 - بەت
[2] د. بەككار « ئاشقۇنلۇق ئېڭىنى پارچىلاش»، 67 - بەت
[3] ئەئراف سۈرىسى، 54 - ئايەت

بولـدۇ، بـۇ مەسـىلىدە مۇسـۇلمانلار بىـردەك قاراشـتا.

ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە رازى بولمايدۇ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر). ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار» [1].

مۇسۇلمان كىشى قەلبىدە ۋە ۋىجدانىدا مۇشۇ ئايەتتىكىدەك ئېتىقاد قىلمىسا مۇسۇلمان بولالمايدۇ. لېكىن ئۇ كىشى غاپىل بولۇپ قالسا ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ، نادان بولسا تەلىم بېرىلىدۇ. ئەمما شەرىئەتنى تەتبىقلاش مەسىلىسى ئىمكانىيەتكە، كۈچى يېتىشكە ۋە تەدبىقلاش ئىقتىدارىغا قارىتا بولىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر. بۇ مەسىلە بىر شەخس بىلەن يەنە بىر شەخس، بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەتنىڭ زامان ۋە

[1] مائىدە سۈرىسى، 49 - ۋە 50 - ئايەتلەر.

ماكان شارائىت ئەھۋالى بىلەن تەسىرلىنىپ قالىدۇ.

ئىمان ئېيتىش مەسىلىسىدە ئىمان ئاساسلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، يەنە بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرمەسلىك قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىغا ئىشەنمەسلىكمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىراق شەرىئەتنى تەتبىقلاش مەسىلىسىدە ۋەزىيەت پەرقلىق بولىدۇ، تەتبىقلاش مەسىلىسى ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارنىڭ يېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قايسىبىر كىشى ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا قۇربىتى يەتمىسە، ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، كىم ئولتۇرۇپ ئوقۇشقىمۇ قۇربىتى يەتمىسە، يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىمان مەسىلىسىنى شەرىئەتنىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇش، ئىمان بىلەن شەرىئەتنى تەتبىقلاش مەسىلىسىنى ئەينەن بىر ئورۇندا قويۇش ئاشقۇنلۇق ۋە جاپا - مۇشەققەتكە ئېلىپ بارىدۇ، چۈنكى بۇ مەسىلىدە ئاشقۇنلۇق قىلىش كاپىر قىلىنىۋەتمەيدىغان مەسىلىلەردىمۇ كاپىرغا چىقىرىۋېتىشكە ۋە مۇرتەد دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

بۈيۈك ئالىملارنىڭ قائىدىسى بويىچە، قايسىبىر كىشى شەرىئەتنىڭ ھاكىم ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا تەتبىقلاش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، بىراق شەرىئەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ياكى ئازغىنە بىر قىسمىنى تەتبىقلىمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ چىقىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى شەرىئەتنى ياقتۇرمىغان ياكى تۈزكورلۇق قىلغان بولسا ياكى باشقا بىر قانۇننى شەرىئەتتىن بەكرەك ياخشى دەپ قارىغان بولسا، بۇ كىشى شەكسىز ھالدا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قارشىلىق قىلغۇچى كىشىدۇر.

ئەگەر بۇ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، شەرىئەتنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە شەخسىي ھاياتىدا تەتبىقلايدىغان، شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەتتە تەتبىقلىنىدىغان بىر كۈنگە ئىنتىلىدىغان ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقىرىدىغان كىشى بولسا، بۇ كىشى قانداقمۇ كاپىر ياكى مۇرتەد بولسۇن؟ بەلكى بۇ كىشى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىد سانىلىدۇ.

ھالبۇكى، ئاشۇن پىكىردىكىلەر ۋە ھەقىقەت پەقەتلا بىزدە تېپىلىدۇ دەپ دەۋا قىلىدىغان كىشىلەر، شارائىت قانداق بولۇشىدىن ۋە قانچىلىك خەتەر كېلىپ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، شەرىئەتنى تەدبىقلاش دېسە، بەزى جىنايى قانۇنلارنى تەدبىقلاش دەپ چۈشىنىدۇ.

## تۆتىنچى، سىياسىي جەھەتتىن كاپىرغا چىقىرىش

ئاشۇنلار بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك خەتەرلىك پەتىۋالىرىنى چىقارغان. مەسىلەن، ئاشۇن سەييىد ئىمام:

1 ـ بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھاكىملىرى چوڭ كاپىر.

2 ـ بۇگۇنكى قازىلار چوڭ كاپىر.

3 ـ پارلامېنت ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە چوڭ كاپىرلار بار.

4 ـ شۇلارنى سايلىغۇچىلار چوڭ كاپىر.

5 ـ سايلامغا چاقىرغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلغۇچىلار چوڭ كاپىر.

6 ـ ئەسكەرلەر، تەشۋىقاتچىلار، مۇخبىرلار ۋە دىنىي ئورگانلارنىڭ ئۆلىمالىرى كاپىرلاردۇر، ـ دېگەن [1].

ئاشقۇن مەقدەسى بۇ توغرىدا: «بىز شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم چىقىرىۋاتقان ھاكىملارنى، شۇنداقلا خەلقئارا مەھكىمىلەرگە تايانغانلارنى ئىسلامدىن يەتمىش تەرەپتىن چىقىپ كەتكەن كاپىر ۋە مۇرتەدلەر دەپ قارايمىز» دېگەن[2] .

ئاشقۇن فارىس شۇۋەيل بۇ توغرىدا: «ھۆكۈمەت ياردەمچىلىرى، ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلارنىڭ ھۆكمى ھاكىملىرىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار تاغۇتلارنىڭ تارمىقىدۇر، بۇ دەۋرنىڭ ھاكىملىرى ئىسلامدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن كاپىر مۇرتەدلەردۇر» دېگەن[3] .

ھاكىمىيەتنى تەتبىقلاش ۋە ئۇنى ئەمەلىي رېئال ھاياتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ بىر

---

[1] سەييىد ئىمام «جامى كىتاب»، 539 – بەت.

[2] «ئوچۇق سۆھبەت جاۋابلىرى» شۇمۇخ تور بېتى، 59 ـ بەت.

[3] جەزىرە ئارمىيىسىنىڭ كاپىرلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلەر، 2 ـ بەت

قىسمىنى تەتبىقلاپ، يەنە بىر قىسمىنى تەتبىقلىمىغان ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكمى نىمە؟ دىگەن مەسىلىدە تەپسىلىي توختالماسلىق سىياسىي جەھەتتىن كەڭ كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئاشقۇنلار بۇ مەسىلىدە ئايرىپ قارىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تەتبىقلاش شارائىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەرىئەتنى بىر پۈتۈن تەتبىقلىمىغان كىشىنى كاپىر دەپ قارايدۇ. بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، بۇ مەسىلىدە ساھابىلەر دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئىختىلاپ بولغان (كۆزقاراش تۈرلۈك بولغان) مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلە ئىختىلاپى مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن كاپىرغا چىقىرىۋېتىشنى تەقەززا قىلمايدۇ، چۈنكى بۇ مەسىلە ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارغا باغلىق ئىبادەتتۇر.

مەسىلەن، قايسىبىر ھاكىم شەرىئەتتە ئېنىق ھۆكۈم كەلگەن بىر مەسىلىدە ئىنسان تۈزگەن قانۇننى ئىلاھىي شەرىئەتتىن ئەۋزەل دەپ قارىسا، بۇ كىشى شەكسىز ھالدا كاپىر بولىدۇ. شۇنداقلا قايسىبىر كىشى ئىسلام شەرىئىتىدىن باشقا بىر قانۇن بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە دۇرۇس بولىدۇ، گۇناھ بولمايدۇ دەپ قارىسا كاپىر بولىدۇ. شۇنداقلا قايسىبىر كىشى ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش پەرز ئەمەس دەپ قارىسا ياكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشى كاپىر مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە ئاللاھنىڭ: «كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان

ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر» (مائىدە سۈرىسى، 44 ـ ئايەت) دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «كىمكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا بىر قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلسا، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن [1].

دېمەك، قايسىبىر كىشى ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئېتىقاد قىلغان ۋە بۇ يولدا كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن شەرىئەتنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى تەتبىقلاشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، بۇ كىشىنىڭ نىيىتىگە ۋە قىلالىغان ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئەجىر بېرىلىدۇ، كۈچى يەتمىگەن ئىشلىرى توغرىسىدا ئۆزرىسى بار دەپ قارىلىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە بۇ توغرىدا: «نەجاشى ئاجىز كەلگەنلىك سەۋەبىدىن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆپلىگەن ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئۇ ھىجرەت قىلمىغان، جىھادمۇ قىلمىغان، ھەجمۇ قىلمىغان ۋە زاكاتمۇ بەرمىگەن، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشلارنى قەۋمىنىڭ قېشىدا قىلسا، قارشىلىققا دۇچ كېلىدىغان ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئارىسىدا قۇرئان ھۆكۈملىرى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى... نەجاشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبىدىن

[1] پەتىۋالار مەجمۇئەسى، 3/267 ـ بەت.

ئىسلام شەرىئىتىنى تۇتۇپ ماڭالمىغان بولسىمۇ جەننەت ئەھلىدۇر» دېگەن [1].

## بەشىنچى، دوستلۇقتىكى ئاشقۇنلۇق

ئاشقۇنلار شەرئى ھۆججەتلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە قارىماستىن زاھىرىيلىق قىلىش ھەمدە ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا چۆكمەستىن ھۆججەتلەرنىڭ ھەرپلىرىگە ئېسىلىۋېلىش ئادىتى بويىچە، كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈش، ئابرۇيى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ھەقسىز يەۋېلىش ياكى ھالال ساناش مەسىلىسىنى ئاقلاش ئۈچۈن دوست تۇتۇش ۋە دۈشمەن تۇتۇش ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مېتودىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە سىياسىي تۈسته ئىزاھلاشقان. بۇ سەۋەبلىك كاپىرلار بىلەن دوست بولدى دېگەن باھانە ئاستىدا باشقا جامائەتلەرگە مۇرتەدلىك ياكى دىندىن چىقىپ كېتىش تۆھمىتىنى كىيدۈرگەن.

ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئورۇنسىز ئىزاھلىغان، بۇ سەۋەبتىن تەپسىلىي توختىلىدىغان يەردە ئىخچام قىلىپ قويغان ۋە شەرھىيلەشكە تېگىشلىك ئورۇنلاردا يىغىنچاق قىلىپ قويغان. مەسىلەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ: «ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم

[1] ئىبنى تەيمىيە «مىنھاج سۇننە»، 5/114 - بەت.

قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ» [1] دېگەن سۆزىدە كاپىرلارنىڭ دائىرىسىنى بېكىتمەستىن ياكى خاسلاشتۇرماستىن مۇتلەق پېتى چۈشىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كاپىرلار بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتقان ياكى دوستلۇق ئورناتقان كىشىلەرنى ياكى دۆلەتلەرنى كاپىرغا چىقىرىدۇ.

مەسىلەن، ئاشقۇنلارنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان مەقدەسى بۇ توغرىدا: «ئۇلارغا (ئەھلى كىتاب بىلەن دوستلۇق ئورناتقان ھاكىملارغا) تىل ئارقىلىق، قەلەم ئارقىلىق ۋە دۇئا ئارقىلىق ياردەم بەرگەنلىك جەڭ ئارقىلىق ياردەم بەرگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردىكى مۇرتەدلىك مەسىلىسى ئەسكەرلەرنىڭ پورمىسىنى كىيگەن كىشىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئوقۇتقۇچى، تازىلىقچى ياكى مەسچىتنىڭ ئىمامىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ (ھاكىملارنىڭ) شېرىك ئىشلىرىغا ياردەمچى بولغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياردەم بەرگەنلەرنىڭ ھۆكمىمۇ زالىم ھاكىملارغا ئوخشاش مۇرتەدلىك ھېسابلىنىدۇ» دېگەن[2] .

ئاشقۇنلار ئاللاھنىڭ: «سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ» دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىشىدۇ. بۇ ئايەت مۇتلەق چۈشىنىلەمدۇ؟ ياكى دائىرە ئىچىگە ئېلىنامدۇ؟ بۇ يەردىكى دوستلۇق ھەرقانداق شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇتلەق دوستلۇقمۇ؟ قورقۇپ

---

[1] مائىدە سۈرىسى، 51 ـ ئايەت

[2] مەقدەسى « نەسىھەت ۋە ئەسلەتمە مەكتۇپى»، 3 – بەت.

يېقىنلاشـقانلار ياخشـى كـۆرۈپ يېقىنلاشـقانلارغا ئوخشـاش بولامـدۇ؟

ئىمام پەخـرۇر رازى بـۇ ئايەتتـە مۇپەسسـىر ئىبنـى ئاﺑﺒاسـنىڭ تەپسـىرىنى نەقـل قىلغـان. ئىبنـى ئاﺑﺒاسـنىڭ ئىزاھلىشـىچە بـۇ ئايـەت زاھىرىـي بويىچە چۈشـىنىلمەيدۇ، بەلكـى بـۇ ئايـەت كاپىـرلار بىلـەن دوستلاشـقانلارغا قاتتىـق تېگىـش ۋە ئۇلارنـى ئاگاھلاندۇرۇشـتىن ئىبـارەت [1] .

مۇپەسسـىر ئىبنـى ئەتىيـە بـۇ ئايـەت توغرىسـىدا: «كىـم ئۇلارنىـڭ دىنـى ۋە ئېتىقادىنـى ياخشـى كـۆرۈش ياكـى توغرا دەپ قـاراش سـەۋەبلىك دوستلاشـقان بولسـا، كاپىـر بولـۇپ كېتىـدۇ ۋە دوزاختـا مەڭگـۈ قالـىدۇ. ئەممـا قايسـىبىر كىشـى ئېتىقـاد سـەۋەبلىك ئەمـەس ياكـى ئىمانىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساسـتا مۇسـۇلمانلارغا قارشـى ئۇلارغـا يـاردەم بېرىـپ دوستلاشـقان بولسـا، ئـۇ كىشـى ھـارام ئىـش قىلغـان بولىـدۇ، چوڭ گۇناھـكار بولىـدۇ ۋە بـۇ سـەۋەبلىك ئازابقـا لايىـق بولىـدۇ» دېگـەن [2].

د. ئابدۇلكەرىـم بـەككار بـۇ توغرىـدا مۇنداق دېگـەن: «بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا مۇسـۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچـۈن جاسۇسـلۇق قىلىـش دىنىدىـن چىقىرىۋەتمەيدىغـان چـوڭ گۇنـاھ ھېسـابلىنىدۇ، چۈنكـى قۇرئـان كەرىـم جاسۇسـلۇق قىلمىشـىنى كاپىـرلار بىلـەن دوستلىشـىش دەپ ئاتىغـان: «ئـى مۆمىنلـەر! مېنىـڭ دۈشـمىنىمنى ۋە سـىلەرنىڭ دۈشـمىنىڭلارنى

[1] تەپسىرى رازى، 12/15 ـ بەت
[2] ئىبنى ئەتىيە «تەپسىر مۇھەررىر ۋەجىز»، 2/204 ـ بەت

دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر...» [1]. ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ھاتەب ئىبنى بەلتە دېگەن ساھابىنى مىسال ئالغان. ئىبنى ھەجەر ۋە قەستەلانىغا ئوخشاش سەھىھ بۇخارىنى شەرھلىگەنلەرمۇ: «جاسۇس بەزىدە مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ جاسۇسلۇقى ئۇنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ» دەپ ئىزاھلىغان.

مۇسۇلمانلارغا ياكى بارلىق ئىنسانلارغا پايدا كېلىدىغان بىر ئىشتا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش ياكى ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىر ئىشتا كېلىشىم تۈزۈش ئايەتتە چەكلەنگەن كاپىرلار بىلەن دوستلىشىش قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ھالبۇكى، ئاشقۇنلار بۇ تەپسىلاتلارغا ئەھمىيەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدىكى دىپلوماتىيە ئالاقىسى ياكى كېلىشىم ئالاقىسىنى كاپىرلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دوستلۇق دەپ قارىۋالىدۇ، بۇ ئېنىق خاتالىقتۇر ۋە روشەن ئازغۇنلۇقتۇر. ئاشقۇنلار يەنە ھۆكۈمەت ئۆلىمالىرىنىڭ بەزى پەتىۋالىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرىغان. ھالبۇكى، ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا جاسۇسلۇق قىلغان كىشىنى ئەڭ ئېغىر جىنايەتنى سادىر قىلسىمۇ، ئۇنى كاپىرغا چىقىرىۋەتمىگەن.

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 1 ـ ئايەت

ئۇنداقتا زالىم ھاكىمغا يېقىن تۇرغان ياكى ئۇنىڭ بەزى قىلمىشلىرىنى ئاقلاپ بەرگەن ھۆكۈمەت ئۆلىماسىنى جاسۇسلۇق قىلغان كىشىگە سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟»[1] .

## ئالتىنچى، كۆچكە تايىنىپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش

ئاشقۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى باشقىلارغا تېڭىشتا ۋە قىينچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا قورال كۈچىگە تايىنىدىغانلىقى ئېنىق بىر ھەقىقەت. بۇنىڭ مىساللىرى ئىراق ۋە سۈرىيەدە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنى كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەت تارتىۋالسا بولىدۇ، - دېگەن پەتىۋا ئارقىلىق ئاقلىشىدۇ، شۇڭا كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ھەققىدە بىر ئاز توختىلىش لازىم.

شەرىئەتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى دىن ۋە دۇنيانى ھىمايە قىلىش؛ كىشىلەرنىڭ جانلىرى، ئىززەت - ئابرۇيلىرى ۋە ماللىرىنى قوغداش ۋە ئۇلار ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭغا كۆرە، ھاكىمىيەت كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ جانلىرىنى قوغدايدۇ، چېگرالارنى ھىمايە قىلىدۇ، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىدۇ، زالىمغا چەكلىمە قويىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھاكىمىيەت بىر شەخسنىڭ ياكى بىر ئائىلىنىڭ پىتنىدىن ئەنسىرەش ۋە ئامانلىقنى ساقلاش باھانىسى ئاستىدا

[1] د. بەككار«ئاشقۇنلۇق ئېڭىنى پارچىلاش»، 93 - بەت

ھوقـۇق ـ مەنسـەپلەرنى ۋە پايـدا ـ مەنپەئەتلەرنـى ئۆزئـارا بۆلۈشـۋالىدىغان شەخسـىي مۈلكـى ئەمـەس.

ئەمەلىيەتتـە، ئۈممەتنىـڭ ئىرادىسىنى بـۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە كېڭەشـنى بىـكار قىلىۋېتىشـتىنمۇ ئېغىـر پىتنـە بولامـدۇ؟ كىشـىلەر ئۆزلىرىگـە ھاكىـم بولىدىغـان، ئۆزلىرىنـى قوغدايدىغان، دىنىنـى ۋە مەنپەئەتلىرىنـى ھىمايـە قىلىدىغـان كىشـى ھەققـدە كېڭـەش قىلمىسـا، قايسـى ئىشـتا كېڭـەش قىلىـدۇ؟ ئىسـلام دىنـى تـوي قىلىدىغـان قىزنىـڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش توغرىسـىدا بۇيرۇغـان تۇرسـا، مۇسـۇلمانلارغا ھاكىـم بولىدىغـان كىشـى ۋە دۆلەتنىـڭ ئىشـلىرىنى بىـر تـەرەپ قىلىدىغـان ئىشلاردا كېڭـەش قىلىشـقا بۇيرۇمـاي قالامـدۇ؟ ئۇنىڭدىـن سـىرت، ئىسـلام دىنـى ھاكىملىقنـى تەلـەپ قىلغـان كىشـىنىڭ تەلىپىنـى رەت قىلغـان تۇرسـا، قانداقمـۇ ئۇنـى قىلىـچ ۋە كۈچكـە تايىنىـپ ئېلىشـقا رۇخسـەت قىلسـۇن!.

ھەزرىتـى ئەبـۇ مۇسادىن رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، ئـۇ مۇنـداق دېگـەن: مـەن ۋە مېنىـڭ تۇغقانلىرىمدىـن ئىككـى كىشـى رەسـۇلۇللاھنىڭ قېشـىغا كىرگـەن ئىـدۇق، ئـۇ ئىككـى كىشـىنىڭ بىـرى رەسـۇلۇللاھقا: «مېنـى بىـرەر ئورۇنغـا ۋالىي قىلىـپ قويغان بولسـىلا» دېـدى، يەنـە بىرسـىمۇ شـۇنداق تەلەپتـە بولـدى. رەسـۇلۇللاھ ئۇلارغـا جاۋابـەن: «ئاللاھقـا قەسـەمكى، بىـز ھوقـۇق ياكـى ھاكىمىيـەت ئىشـلىرىغا تەلـەپ قىلغـان ياكـى تەمـە قىلغـان ئادەمنـى ئورۇنلاشـتۇرمايمىز» دېگـەن [1].

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ مەسىلىگە بىرقانچە نۇقتىدىن قاراپ باقايلى:

1 ـ شەرىئەت پرىنسىپلىرى ئاساسلىق ئۆلچەمدۇر ۋە دىنىنىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرى ئېھتىمالىي چۈشەنچىلەر ئۈچۈن ھاكىمدۇر. ئۈممەت ئىشلىرىدا ۋە ھاكىم سايلىنىش ئىشلىرىدا كېڭەش قىلىش دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپىدۇر: «ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۆزئارا كېڭەش قىلىش بىلەن بولىدۇ» [1].

ئەمدى كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالسا بولىدۇ، دېگەن قاراش بەزى ئالىملارنىڭ ۋاقىتنىچە چارە سۈپىتىدە چىقىرىلغان كۆزقارىشىدىن ئىبارەت. ۋاقىتلىق چارە سۈپىتىدە چىقىرىلغان بۇ پەتىۋا بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ دائىملىق كۈچكە ئىگە ئېنىق ھۆكمىگە قارشى تۇرالمايدۇ.

ئالىملار بۇ مەسىلىنى بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ۋاقىتلىق پەتىۋا بەرگەن ئىدى. شەرىئەتنى قانات يايدۇرۇش بەدىلىگە قانۇنلۇق سايلىنىش ھەققىدە كۆز يۇمۇلغان، دۈشمەندىن ئۈستۈن تۇرۇش بەدىلىگە ئۈممەتنىڭ رازىلىقى ھەققىدە كۆز يۇمۇلغان. بىراق بۇ ئەسلىي قائىدە ئەمەس، چۈنكى ئەسلىي قائىدە ھاكىمنىڭ قانۇنلۇق سايلىنىشى ۋە ئۈممەتنىڭ رازىلىقىنى ئاساس قىلىشتۇر.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قارايدىغان بولساق، بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىنى ئاقلاپ بەرگەن زۆرۈرىيەتلىرى تېپىلمايدۇ.

[1] شۇرا سۈرىسى، 38 ـ ئايەت

بۈگۈنكى زاماندا ھاكىمىيەتنى كۈچ بىلەن تارتىۋالغانلاردا جىھاد يوق، بەندىلەرگە ئامانلىق يوق، شەرىئەت تەتبىقلانمىغان، چېگرالار قوغدالمىغان، ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرى ھىمايە قىلىنمىغان، ھەق ئىگىلىرى قوغدالمىغان، بەلكى ھاكىمىيەت بۇلاپ ئېلىنغان، قان تۆكۈلگەن، ناچار كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان، ھاكىمنى ئاللاھ قىلغىلى تاس قالغان ۋە ھەددىدىن ئېشىلغان ئەھۋاللار ئاقىلاپ بېرىلگەن.

مۇشۇنچىۋىلا زۇلۇم، مۇستەبىتلىك ۋە ھەددىدىن ئېشىشنى ئاقلاپ بېرىدىغان، ئالىملارنى قارشىلىق بىلدۈرمەسلىككە ئۈندەپ كۆز يۇمدۇرۇپ قويىدىغان قانداق شەرىئەت ئىكەن ئۇ؟

2 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىي ئىنسانغا قۇل بولۇپ قېلىشتىن ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسىتى بار. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىش، ئىزدىنىش ۋە پىكىر ھەرىكىتىگە ئەركىنلىك بېرىش لازىم، شۇنداقلا مەجبۇرلايدىغان ئىشنى چەكلەش كېرەك: «دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن زورلاشقا بولمايدۇ»[1] . ھاكىمىيەت كېڭەش قىلىش ۋە ئۈممەتنىڭ رازىلىقى ئارقىلىق شەكىللەنمىسە، بۇ ھاكىمىيەت مۇستەبىتلىك سايىسىدا ئاتىدىن بالىغا ئايلىنىپ يۈرسە، شەرىئەتنىڭ كىشىلەرگە ئاتا قىلغان تولۇق ئەركىنلىكى بېرىلمىسە، قانداقمۇ ئىسلامنىڭ بۇ مۇقەددەس مەقسىتىنى ھاسىل قىلغىلى بولسۇن!

---

[1] بەقەر سۈرىسى، 256 ـ ئايەت

3 ـ شەرئەتتىكى قائىدىلەرنىڭ ئىچىدە «زۆرۈرىيەت مىقدارىغا قارىتا ئۆلچىنىدۇ»، «زۆرۈرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان رۇخسەتلەر زۆرۈرىيەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقىلىدۇ» دەيدىغان قائىدىلەر بار.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۈممەتنىڭ ھاكىم سايلاشتىكى ئىرادىسىنى مۇسادىرە قىلىشقا ۋە ھاكىم تاللاش ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇشقا نېمە ئېھتىياج بار؟ ئۈممەت خاتىرجەملىك بەدىلىگە قاچانغىچە ئەركىنلىكىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ؟ قاچانغىچە ئۆلىمالار ئۈممەتنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئەقىلسىزلارغا تاپشۇرۇش پەتىۋالىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەجبۇرلىنىدۇ؟؟

بۇ قىلمىشلار ئىسلام دىنىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر سىياسىي بىدئەتتۇر، ئېنىق خاتا يولدۇر ۋە خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدۇر.

4 ـ سىياسەت ئىشلىرىدا قىياس قىلىش توغرا بولسىمۇ، لېكىن توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىگە قىياس قىلىشقا بولىدۇ، شۇڭا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا مۇستەبىتلىك قىلغان ياكى توغرا يولدىن چەتنىگەن ھاكىملارغا قىياس قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەردە كۆزقاراشلىرىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلەيدىغان ئالىملار بولمايدۇ، بەلكى خىزمەتچىلەر بولىدۇ، ئادىل سوتچىلار بولمايدۇ، بەلكى چاپانكەشلەر بولىدۇ، ئەركىنلىك تېپىلمەيدۇ، بەلكى فىرئەۋنىنىڭ مىراسخورلىرى بولىدۇ، شۇڭا مۇستەبىتلەرنى توغرا

يول تۇتقان خەلىپىلەرگە قىياس قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاللاھ شەرىئىتىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىنى ئۈممەتكە تاپشۇرغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىگىدارچىلىق (ئاساسىي ھوقۇق) نىڭ شەرىئەتكە ۋە ھاكىملىقنىڭ ئۈممەتكە تەۋە بولۇشىنى شەرت قىلغان. ئۈممەت كېڭەش قىلىش ۋە مۇناسىپ ئۇسۇل چارىلەرنى تاللاش ئاساسىدا، شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋە شەرىئەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ھىمايە قىلىشقا يارايدىغان ھەر دەۋرگە مۇناسىپ ۋاستە - چارىلەر ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. كېڭەش ئاساسىدا قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ مېتودى ئىلاھىي، شەكلى ئىنسانىي ۋە مەدەنىي بولىدۇ. بۇ دۆلەتتە ئامانلىق قوغدىلىدۇ ۋە ئەركىنلىك رىئايە قىلىنىدىغان قىممەت قاراشلار ھىمايە قىلىنىدۇ. بۇ دۆلەتتە شەرىئەت ھاكىم بولىدۇ، ئىبادەت شوئارلىرى جانلىنىدۇ، ئەقىل ئازاد بولىدۇ، پىكىر قىلىش ھەرىكىتى گۈللىنىدۇ، مەزلۇمغا ياردەم بېرىلىدۇ، زالىمدىن قىساس ئېلىنىدۇ، شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئالدىدا ھاكىم پۇقرادىن ئىبارەت ھەر بىر كىشى باراۋەر بولىدۇ.

كېڭەش پرىنسىپىنىڭ يوقالغانلىقى ۋە ھاكىمىيەتنى كۈچكە تايىنىپ بۇلاپ ئېلىش ئۇسۇلى ئاشقۇن تەشكىلاتلارنىڭ يا ئاشقۇنلۇق قىلىشقا ياكى باشقىلارنىڭ (دىن دۈشمەنلىرىنىڭ) خەلق ئىنقىلابلىرى ۋە ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىشىگە ھەسسە قوشقان. بۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابلىرىنىڭ بۇلۇنۇپ كېتىشىگە ۋە مۇستەبىتلەرنىڭ

تېخىمۇ مۇستەبىتلىك قىلىشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن. مەسىلەن، ئىراقتا ئاشقۇنلار بىرقانچىلىغان جانلىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى يوقىتىپ تاشلىغان، سۈرىيەدىمۇ شۇنداق قىلغان.

ئاشقۇن تەشكىلاتلارنىڭ زومىگەرلىك قىلىشى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنى قانۇنلۇق دەپ قاراش سىياسەتلىرى ئۆزلىرىنى ئىسلامنىڭ ۋەكىللىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايە قىلغۇچىلىرى دەپ قارىغانلىقتىن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ جەڭلىرىنى دىنىنىڭ جېڭى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان. ھالبۇكى، مۇنداق قاراش پىسخىكا بۇرۇلۇشىدۇر، تار دائىرىگە كىرىۋالغان خاتا يولدىكى گۇرۇھۋازلىقتۇر، ھەقىقەتنى مونوپول قىلىۋالغانلىقتۇر، پەقەت ئۆزلىرىنى بىردىنبىر توغرا يولدا دەپ دەۋا قىلغانلىقتۇر.

بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار كىملەرگە قارشى جەڭ قىلسا، ئۆزلىرىنى ئىسلامنىڭ جېڭىنى قىلىۋاتىمىز دەپ كۆرسىتىدۇ، ساددا كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراپ كېتىۋاتقانلىقىنى شىكايەت قىلىشىدۇ.

بۇ ئاشقۇنلار بولۇپمۇ بازا تەشكىلاتىنىڭ ئىراق ۋە سۈرىيەدىكى ئەھلى سۈننىگە تەۋە تەشكىلاتلارنى غەربنىڭ چوماقچىلىرى دېگەن تۆھمەت بىلەن بىر ـ بىرلەپ يوقاتتقان. بۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى تاسادىپىي بولۇپ قالغان ئىش ئەمەس، بەلكى پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان ئازغۇن قىلمىشلاردۇر،

چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ھەممىدىن يېقىن، دىنىنى ئەڭ توغرا چۈشىنىدىغانلار ۋە بىردىنبىر ئەگىشىشكە ھەقلىق جامائەت دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ. باشقا ھەرىكەتلەرگە بولسا، خەلىپىلىك تىكلەشكە توسالغۇ بولىدىغان ئاپەتلەر ياكى توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار دەپ قارايدۇ.

باشقا تەشكىلاتتىكى كىشىلەر بۇ ئاشقۇنلارغا مۇسۇلمان دېگەن ئېتىبار بىلەن قورال كۆتۈرمەيدۇ ۋە مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن ئەنسىرەيدۇ، شۇڭا ئۇلار قورال تاشلاپ قارشىلىششتىن ۋاز كېچىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار يا قوشنا دۆلەتلەرگە پاناھلانغۇچى بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ ياكى ئاچچىقىدا بۇ ئاشقۇنلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، دۈشمەننىڭ قولىدىكى بىر قورالغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

### *كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش پەتىۋالىرى*

ئىراق ۋە سۈرىيەدىكى ئەسكىرىي تەشكىلاتلار ئارىسىدا مۇيتىلىك كۆرۈنۈشلىرى ئەۋج ئالغان، بۇ مۇيتىلار باشقا ئېقىمدىكى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى ئۆز جامائەتلىرى ئۈچۈن مەجبۇرىي كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرۇش پەتىۋالىرىنى چىقىرىپ بېرىدىغان ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئىچكى توقۇنۇش كېلىپ چىققان ۋە سىياسىي ئاشقۇنلۇق خاراكتېرىگە ئىگە تەشكىلاتلار باشقا تۈرلۈك تەشكىلاتلارنى ئۆزىگە مەجبۇرىي قوشۇۋېلىش ئۈچۈن باشقىلارنى قورallىق بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

ئەلۋەتتە باشقا تەشكىلاتلار ئۇلارغا بويسۇنمىغان ياكى قوشۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنى مەجبۇرىي قورالسىزلاندۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغان، قان تۆكۈش ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇش پەيدا قىلىدىغان، جەڭ مەيدانلىرىنى پارچىلىۋېتىدىغان ۋە ئاساسلىق دۈشمەندىن كۆز يۇمىدىغان ئەھۋاللار چوقۇم يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، باشقا جامائەتلەرنى كىچىك تايىنىپ قوراللىق بويسۇندۇرۇش دۇرۇس دەپ بېرىدىغان پەتىۋالار پەيدا بولىدۇ. بەلكىم ئۇلار تېخى مۇنداق قىلىشنى يوللۇق مەسىلە، ئۇنى ئالىملار دۇرۇس دەپ قارىغان ۋە ئۈممەت كۆپىنچە مۇشۇ ئۇسۇلغا تايانغان دەپ دەۋا قىلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىرقانچە تۈرلۈك مۇلاھىزە بار:

1 ـ ھەربىر تەشكىلاتنىڭ ئايرىم مۇپتىسى بولسا، قايسى مۇپتىغا بويسۇنۇش لازىم؟ پەتىۋالار بىر ـ بىرىگە قارشى كەلگەندە كىم ئايرىپ قويىدۇ؟ بىر مۇپتى كىچىك تايىنىپ ھاكىمىيەت ياكى ھوقۇق تارتىۋېلىش دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرسە، يەنە بىر مۇپتى مۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق، مۇنداق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم دەپ پەتىۋا بەرسە، قايسى پەتىۋاغا ئەمەل قىلىنىدۇ؟ مۇشۇ ئىككى ئارىلىقتا قالغان كىشى قانداق ھېس تۇيغۇدا بولىدۇ؟

2 ـ كىچىك تايىنىپ ھاكىمىيەت تارتىۋالسا بولىدىغان سالاھىيەت كىمدە بار؟ بەلكىم ھەربىر كىشى ئۆزىدە: «مەندە

بۇ ئىقتىدار بار، شۇڭا باشقىلار ماڭا ئىتائەت قىلىشى لازىم»
دەپ دەۋا قىلىشى مۇمكىن. ھەربىر تەشكىلات خۇسۇمەتچىسىنى
كۈچكە تايىنىپ بويسۇندۇرىدىغان ۋە يالغۇز قارار ئالىدىغان
پەيتتە، ئۇ مەۋجۇت ھاكىمىيەتتىن ئىستېپا دەپ قارىسا، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق
بولۇپ كېتىدۇ؟

3 ـ ئۆزىنىڭ پىكرىنى باشقىلارغا تېڭىش ئارقىلىق ھاكىم
بولۇش مەقسىتىدە كاللا كېسىدىغان، گۇناھسىز مۇسۇلمانلارنىڭ
قانلىرىنى تۆكىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئابرۇيلىرىغا چېقىلىدىغان
ئىشلاردا نۇرغۇن كۈچ چىقىرىلغان. ھاكىم بولىدىغان كىشى
ئۈچۈن مۇشۇ مەقسەتتە چىقىرىلغان كۈچنىڭ بەدىلى سىياسىي
يوللار ئارقىلىق چارە ـ تەدبىر ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە كېڭەش
قىلىشتىنمۇ ئاز بولارمۇ؟

بەلكىم، كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋالسا بولىدۇ
دەپ قارايدىغان مۇپتىمۇ، بۇ ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس،
چۈنكى ھەركىم قېرىنداشىغا ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ، دېيىشى
مۇمكىن. مۇسۇلمان قېرىنداشىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ
ئۆتۈنۈپ بەرمىگەن كىشى قورالنىڭ بېسىمى ۋە زورلاش ئاستىدا
ئۆتۈنۈپ بېرەرمۇ؟ ياكى ئاخىرغىچە قارشىلىق بىلدۈرەرمۇ؟

مىسال ئالىدىغان بولساق، كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەت
تارتىۋېلىش ئۇسۇلىغا تايانغان تالىبانلار كۈچكە تايىنىپ
مەسىلىنى ھەل قىلالىدىمۇ؟ ياكى ئىچكى ئۇرۇشنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتىمۇ؟ ئىراقتىكى ئاشقۇنلار دۆلىتى ئىراقنىڭ ئەھلى
سۈننىگە تەۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى يوقىتىش

ئارقىلىق جىهاد ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى خاراب قىلىپ تاشلىمىدىمۇ؟

دائىش سۈرىيە ئىنقىلابچىلىرىنى مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، سۈرىيە ئىنقىلابىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمىدىمۇ؟ سۈرىيەنى بۆلۈۋەتمىدىمۇ؟ مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ سۈرىيەگە بېسىپ كىرىشىگە ۋە بومباردىمان قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرمىدىمۇ؟

مۇشۇ ئاچچىق ساۋاقلار ئىچكى جەھەتتىن قان تۆكۈش ۋە ئىچكى تالاش ـ تارتىش قىلىش، ئۆزئارا كېڭەش قىلغىلى ئۇنىماسلىق، ئادىل ئىش قىلماسلىق، ئاللاھ ھارام قىلغان قان، مال ـ مۈلۈك ۋە ئابرۇيلارغا تاجاۋۇز قىلىش نەزەرىيىلىرىدىن يىراقلىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەب ئەمەسمۇ؟

## يەتتىنچى، سىياسىي جەھەتتىن شەيتانلاشتۇرۇش

ئاشقۇنلارنىڭ ھاكىمىيەتنى كۈچ ئارقىلىق تارتىۋېلىش، قارشى پىكىردىكىلەرنى شەيتانلاشتۇرۇش ۋە خۇسۇمەتچىلىرىنى توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن ئازغۇنلار دەپ بازارغا سېلىشى ياكى ئۇلارغا تۆھمەت قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ جانلىق ۋاستىلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇلار بۇ سىياسەتنى ئىراقتا قوللانغان، سۈرىيەدە بولسا ھاكىمىيەت مۇستەبىتلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىتتىپاقلاشقان. بىز ئۇلاردىن سوراپ باقايلى:

سىياسىي ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى خائىنمۇ؟

سىياسىي يوللار ئارقىلىق خەلقكە كېلىۋاتقان زىيانلارنى توسۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى خائىنمۇ؟

پەقەتلا قوراللىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ ۋە ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ دەپ قارىغانلارنىڭ ھەممىسى خائىنمۇ؟

تىنچلىق كېلىشىمى ياكى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق ياكى سىياسىي ھەرىكەت ياكى سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ياكى سىياسىي پائالىيەتكە قاتنىشىش ياكى ئۆكتىچى مەيداندا تۇرۇش ھالال ۋە ھاراملىق بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئارىسىدا يۈزلىنىشى ۋە پايدىسىغا قارىتا ھالال بولىدىغىنى ۋە ھارام بولىدىغىنى بار. بۇ تۆردىكى ھەرىكەتلەرگە ئالدىن تەييارلىنىپ قويۇلغان قاچىلانغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىش توغرا بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىلەردە كىشىلەرنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى ئىزدىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە قارايمىز. ئەگەر سىياسىي كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا ئۇلارنى قوللايمىز، ئەگەر خاتالىشىپ قالسا تۈزىتىپ قويىمىز. ناۋادا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆز يولىدىن بۇرۇلۇپ كېتىپ قالسا، قاتتىقراق تەنقىد قىلىمىز ۋە ئۇ يولىدىن ئاگاھلاندۇرىمىز.

دېمەك، بۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ تۆردىكى مەسىلىلەرگە قاتمال قېلىپ ۋە بىرلا ئىدىيەدىكى پىكىر ئۇقۇمى بىلەنلا مۇئامىلە قىلغىلى

بولمايدۇ. يەنى قارشى پىكىردىكىلەرنى كاپىرغا چىقىرىش ۋە ئۇلارنى يېگىدىن دۈشمەننىڭ قوينىغا ئىتتىرىش توغرا ئۇسۇل ئەمەس.

### سەككىزىنچى، شوئارلاردا ئاشقۇنلۇق قىلىش

*1 – بايراق:*

رەسۇلۇللاھ: «قايسىبىر كىشى سالاھىيتى ئېنىق بولمىغان بايراق ئاستىدا مۇتەئەسسىپلىك (زۇلۇم قىلغۇچى قەۋمگە يان بېسىش) كە چاقىرىپ، ياكى مۇتەئەسسىپلىككە ياردەم بېرىپ ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن[1] .

ئاشقۇنلار بۇ ھەدىسنى ۋەتەن بايرىقىنى ياكى مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرگەن كىشىلەرگە قاراتقان. ۋەتەن بايرىقىنى كۆتۈرگەنلەرگە قاتتىق قوپاللىق قىلغان، بەلكى بەزى رايونلاردا ئۇلارنى چەكلىگەن ۋە ئۆزلىرى قوللانغان بايراقنى رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇقاب» ئىسىملىك بايرىقى دەپ دەۋا قىلغان.

مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد رەشىد رىزا بۇ توغرىدا توختىلىپ: «تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناس ئالىملىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «ئۇقاب» ناملىق قۇش ئەرەبلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان شوئارى ئىدى. بەزىلەر ئۇ قۇشنى بۈركۈت دەپ ئىپادىلىگەن. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭ بايرىقىنى

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

«ئۇۋقـاب» دەپ ئاتىغانلىقـى ئېنىـق. ئەممـا رەسـۇلۇللاھنىڭ بايرىقنـى «ئۇۋقـاب» دەپ ئاتىغانلىقـى سـەھىھ ھەدىسـتە ئىسـپاتلانمىغان، بەلكـم بەزىلـەر بـۇ سـۆزنى رەسـۇلۇللاھنىڭ چـوڭ بايرىقىغـا قوللانغـان بولسـا كېـرەك. بـەزى كىشـىلەر بۇنىڭغـا قـاراپ ئۇۋقابنـى بايراقنىـڭ ئىسـمى دەپ چۈشـىنىپ قالغـان» دېگـەن[1].

ئەمما رەسـۇلۇللاھنىڭ بايراقلىرىنىـڭ رەڭلـرى ھەققىدە ئاق، سـېرىق ۋە قـارا رەڭلـەر بايـان قىلىنغـان. رەڭلەرنىـڭ ئىچىـدە قـارا رەڭ ئـەڭ كۈچلۈك بولىـدۇ، باشـقا رەڭلـەر ئاجىـز بولىـدۇ.

بايراقنىـڭ جىھاد بايرىقى بولۇشـى ئۈچۈن تەۋھىـد سـۆزىنى يېزىـش شـەرتمۇ؟

رەسـۇلۇللاھنىڭ بايرىقىغـا تەۋھىـد سـۆزىنى يازغانلىقـى توغرىسـىدا سـەھىھ رىۋايـەت كەلمىگـەن، تارىختىمـۇ رىۋايـەت قىلىنمىغـان، بـۇ توغرىـدا كىشـىلەرگە ۋە ئەقىدىگـە ساختىلىق قىلىنغـان ئەھـۋال مەۋجـۇت، چۈنكـى تەۋھىـد سـۆزى يېزىلغـان بايراقنـى كىشـىلەرنىڭ سۆيگۈسـى ياكـى نەپرىتىنـى بەلگىلـەش ئۈچـۈن ئۆلچـەم قىلىـش بىدئەتچىلەرنىـڭ قىلىقىـدۇر. بىدئەتچىلـەر شـەرىئەت ھەققىـدە يالغـان سـۆزلەيدۇ، ئاندىن شـۇ ئاساسـتا كاپىرغـا چىقىرىـدۇ ياكـى باشـقا پىكىردىكـى كىشـىلەرنى بىدئەتچـى ۋە ئازغـۇن دەپ دەۋا قىلىـدۇ.

بايراققـا تەۋھىـد سـۆزى يېزىلغانلىقـى توغرىسـىدىكى ھەدىـس

[1] مانار ژۇرنىلى، 20/395 ـ بەت

سەھىھ ھەدىس ئەمەس. ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر بۇ توغرىدا توختىلىپ: ئەبۇ شەيخ دېگەن ئادەم: رەسۇلۇللاھنىڭ بايرىقىغا «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ يېزىقلىق ئىدى، ـ دېگەن. بىراق، بۇ ھەدىسنىڭ كېلىش ئاساسي ئاجىزدۇر»[1].

بۇنىڭغا ئاساسەن، بايراقنىڭ رەڭگى ياكى شەكلى ياكى ئۇنىڭغا يېزىلغان نەرسە ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس. بەلكى بايراقنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇتۇپ ماڭىدىغان مېتودىغا قاراش كېرەك. ئەگەر بايراقنى ھەقىقەت ئۈچۈن كۆتۈرگەن بولسا، ئۇ ھەقىقەتنىڭ بايرىقى بولىدۇ، ئەگەر بايراقنى ناھەق ئىش ئۈچۈن كۆتۈرگەن بولسا، ئۇ باتىل ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بايراق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ يۇقىرىقى ھەدىسىدە باتىل ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بايراقنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلغان. ھەدىستە چەكلەنگەن بايراق سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بايراق ياكى نەپسى خاھىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بايراق ياكى بىر يۇرتتا ياشايدىغان كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلمىگەن بايراق باتىل بايراقتۇر، مانا بۇ تۈردىكى بايراقنىڭ ئاستىدا جەڭ قىلىشقا بولمايدۇ.

دېمەك، بايراقنى ئۆلچەيدىغان تارازا قۇرئان ـ سۈننەت ۋە بىرلىك تارازىسى بولۇشى كېرەك، زۇلۇمنى ياكى نەپسى خاھىشنى ياكى باتىلنى قوللايدىغان تارازا بولۇپ قالسا

[1] پەتھۇلبارى، 6/127 ـ بەت

بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار شوئار شەكلىدە پەقەتلا بىر خىل رەڭدىكى بايراقنى كۆتۈرمىگەن، ھەم ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە يېزىقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە توغرا يول تۇتقان ماھىغان خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدىمۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ خۇسۇسىي مۇئەييەن بايرىقى يوق ئىدى.

«ئۇمەۋىيلەر» دەۋرى باشلانغاندىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ قوللانغان بايرىقى ئاساسەن دېگۈدەك ئاق رەڭدىكى بايراق بولغان، بەزىلەر ئۇلارنىڭ شوئارىنى يېشىل ئىدى دەپ بايان قىلىشىدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەزى ساۋاتسىزلار گۇمان قىلغاندەك ئۇلارنىڭ بايرىقى تەۋھىد سۆزى يېزىلغان قارا رەڭدىكى بايراق ئەمەس ئىدى.

ئاندىن «ئابباسىيلار» دەۋرى باشلانغاندا، ئۇلار قارا رەڭنى بايراقلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ شوئارى قىلىپ تاللىغان. بىراق ئۇلارنىڭ قارا رەڭنى تاللىشى توغرىسىدا تۈرلۈك كۆزقاراشلار بار. ئابباسىيلار خەلىپىسى «مەئمۇن» قارا رەڭنى يېشىل رەڭگە ئۆزگەرتكەن ئىدى، بۇ سەۋەبلىك «پاتىمىيلار دۆلىتى» ئاببايسىيلار دۆلىتىدىن پەرقلىنىش ئۈچۈن ئاق بايراق قوللانغان، ئاندىن «پاتىمىيلار دۆلىتى»نى يوقاتقان «ئەييۇبىيلار» دۆلىتى سېرىق رەڭلىك بايراق قوللانغان.

ئاندىن بۇ ئىش كېڭىيىپ، دۆلەتلەرنىڭ شوئارىغا ئايلانغان ۋە ھەربىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە

كونسۇلخانىلىرىغا ئاسىدىغان ئۆزگىچە خاس بايراقلىرى پەيدا بولغان. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىر بايقىغىلى بولىدۇ.

*2 – خىتاب:*

سەلەف سالىھلارنىڭ (بولۇپمۇ توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرنىڭ) دەۋرى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر دەۋر ۋە ھەرقايسى ساھەدە ئىلھام ئاتا قىلىشنىڭ ئۆلچىمىدۇر. بولۇپمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئادالەت، كىڭەش، ئىنساپ، ئەركىنلىك، جىھاد، قوربان بېرىش ۋە ئىشەنچلىك بولۇشتەك قىممەت قاراشلارنى مۇقىملاشنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

بۇ قىممەت قاراشلار جەمئىيەتنى ئاشقۇنلۇق ياكى پاسسىپلىقتىن ھىمايە قىلىدىغان ئىدى، بۇ قىممەت قاراشلار ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ زامانلاردا بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئىسلام قوشۇنى، ئىسلام مەسچىتى، ئىسلام ھەيئىتى، ئىسلام دوختۇرخانىسى، دىنىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ياكى شەرىئەتنىڭ ياردەمچىلىرى دېگەندەك شوئارلار ۋە دەبدەبىلىك ئىسىملار يوق ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرى بىلەن ئەمەلىي ياشايدىغان ئىدى. مەسىلەن، دۆلەت ئادالەت ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ئىدى، ئەسكەرلەر بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان ئىنتىزاملىق ئىدى، دوختۇرخانىلار مەرھەمەتلىك ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىدى، مەسچىتلەر ئىبادەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، كۆرسەتمە

بىرىش ۋە كۆزىتىش مەركەزلىرى ئىدى، مەكتەپلەر بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. دېمەك، ئۇلار ئىسلامنى قاندىن ئىبارەت قىزىل رەڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى ساغلام كۆزلەردىن باشقىلار كۆرەلمەيدىغان قارا رەڭ ئارقىلىق يېزىپ قالدۇرغان ئىدى.

ئۇ زامانلاردا ئارمىيەنىڭ بايرىقىغا ھېچ نەرسە يېزىلمايدىغان ئىدى، بايراق مۇئەييەن رەڭ بىلەن ئالاھىدە ئەمەس ئىدى، بايراقلار بەزىدە قارا، بەزىدە سېرىق، يەنە بەزىدە ئاق رەڭلىك ئىدى. بىراق بۇ بايراقلار قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى، بايراقنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قول كېسىلىپ كەتسە، كۆكسى بىلەن قۇچاقلىنىپ تىكلىنەتتى ۋە ئاجايىپ قەيسەرلىك كۆرسىتىلەتتى...

كېيىنچە بايراققا ھەر خىل نۇسخىدا خەت يازىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن، بىراق بۇ بايراق بىر يېتەكچىدىن يەنە بىر يېتەكچىگە، بىر پارتىيەدىن يەنە بىر پارتىيەگە يۆتكىلىپ تۇردى، ھەربىر ئېقىم ئۆزى خالىغان ھەر خىل رەڭدە بوياپ، بىزنى تېخىمۇ بۆلۈۋەتتى. مەسىلەن، ھازىرقى زاماندىكى ھىزبۇتتەھرىر ئاق ـ قارا رەڭدە، نۇسرە تەشكىلاتى قارا رەڭدە، دائىش تامغىلىق، ئۇممەت پارتىيىسى قىلىچ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قارا رەڭدە بايراق قوللانغان.

شۇئارلىرى مۇشۇنداق بولسىمۇ، بىراق بايراقلار يەرگە يىقىلغان، ئەسكەرلەر مەغلۇپ بولغان، ئىسلام ئەللىرى مۇستەملىكە ئاستىغا چۈشۈپ قالغان، چۈنكى بايراقلار

ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مودا ۋە ماركىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

بۈرۈن ئەسكەرلەرگە ئىسلام قوشۇنى، شەرىئەت ياردەمچىلىرى، مۇجاھىدلار ھەرىكىتى، ئىسلام ئىنقىلابىي ۋە ئۈنىڭدىن باشقا ئىسىملار قوللىنىلمىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يۇقىرىقى ئىسىملار قوللىنىلسىمۇ، تاغدەك پەلۋانلار مەغلۇب بولماقتا.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە شوئارلارنىڭ ئالاھىدە دەبدەبىلىك ئىسلام ناملىرى بىلەن ئاتىلىشى ئۆز ئارىمىزدا ئاپەت ۋە پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قالدى، قەلبىمىزنى بۆلۈۋەتتى، خەلقلىرىمىزنى سەرگەردان قىلىۋەتتى، شارائىتىمىزنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. بولمىسا سۈرىيە ۋە ئىراقتا مەسچىت، دوختۇرخانا، بىكەت ۋە باشقا ئورۇنلارمۇ قارا رەڭدە بويالغان، قارا رەڭنىڭ ئۈستىگە تەۋھىد شوئارى ئاق رەڭلىك قىلىپ يېزىلغان ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ قۇرۇق شوئار ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى.

دېمەك، شوئار ۋە كۆرۈنۈشكە ئېسىلىۋالماي، مەقسەت ۋە مەزمۇننى ئاساس قىلىش كېرەك.

# ئۈچىنچى قىسىم

# سياسي نەتىجىلەرنىڭ ئاقىۋىتى

## بىرىنچى، دۇنياۋى جىھاد ئىدىيەسى ۋە ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ يىمىرىلىشى

بازا تەشكىلاتى 1998 ـ يىلى بىن لادىن ۋە ئەيمەن زەۋاھىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇرتەد ھاكىملارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن دۇنياۋى ئۇرۇش سېپى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن. بازا تەشكىلاتى ئامېرىكا، غەرب دۇنياسى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قارشى كۈشكۈرتۈش سىياسىتىنى تۇتۇپ ماڭغان. بازا تەشكىلاتى بۇ سىياسەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە غەرب ئەللىرىنىڭ پۇقرا ياكى ئەسكىرىي خادىملىرىنى پەرقلەندۈرمەستىن ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئېلىش پەتىۋاسىنى چىقارغان.

ئەلۋەتتە ھەربىر مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇنقىدەك غالىب، كۈچلۈك، مەدەنىيەتلىك ۋە يېتەكچىلىك ئورنىدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق بەزىلەر بۇ ئىشنى ئاددىي ساناپ، بايراق كۆتۈرۈش، شوئار توۋلاش ۋە نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق ھازىرقى دۇنياۋى تۈزۈم ئۆرۈلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ

ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان.

ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بىرقانچە مۇجاھىد تولىنىپ دۇنيانى ئازاد قىلىش شەرتنامىسى تۈزۈپ چىقسا ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن شارائىتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇسۇلمانلارنى ھېسسىياتقا تايىنىپ چاقىرسا كۇپايە قىلاتتى. بىراق بۇ چۈش خاراكتېرلىك يۈزەكى پىلان ئۈمىدسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەت توساقلىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندا، ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىغان. ئاندىن ئۇ خاتىرىلەر بىر قاتار ئۇنتۇلغاندىن كېيىن، يەنە يېڭىدىن ئەينەن شەكىلدە ئىش باشلىغان.

ئەلۋەتتە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان بىرقانچە دۆلەتلەر كونترول قىلىۋالغان يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ داۋاملىشىشىدىن دۇنيادىكى ھېچبىر ھۆر كىشىلەر خۇشال ئەمەس. بەش دۆلەتنىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى دۇنيا تۈزۈمىنى كونترول قىلىۋېلىشى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ مۇستەبىتلىكنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ ئەمەلىي رېئاللىقتۇر، بىراق يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يۈكىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئىسلام دۇنياسىغا يۈكلەپ قويۇش باشقا بىر ئىش.

بەزىلەر بەزى خىتابلىرى، بەزى تەھدىتلىرى ۋە ھەر يىلى ساياھەتچىلەرگە ياكى كونسۇلخانىلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق مۇداپىئەلىنىش پروگراممىسىغا ئىگە ئەمەس تۇرۇقلۇق، خەلقئارا جەمئىيەتكە ۋە چوڭ كۈچلەرگە پۈتۈن جەڭ مەيدانلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويۇش

ئۇچۇن ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىغا سۆرەپ كىرىشنى پىلان تۈزگەن. بىراق دۇنيا كۈچلىرىگە بىراقلا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خاتا سىياسەتنىڭ بەدىلىنى مۇسۇلمان خەلقلەر قان دەريالىرى بىلەن تۆلىمەكتە.

بىز بۇ يەردە شۇنى دەيمىزكى، ئاشقۇن تەشكىلاتلارنىڭ دۇنيانى كۇپىرىدىن خالىي ئىمان چېدىرى ياكى ئىماندىن خالىي كۇپرى چېدىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشى ھېچقانداق قىممىتى يوق قۇرۇق ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. بەلكى ئۇ ئۇرۇنۇشلار ۋەتەن ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىق پىلانلىرىنى مەغلۇب قىلىشنى نىشان قىلىدىغان ۋە ئاخىرى يوق توقۇنۇشقا ئېتتىرىدىغان سىياسىي قارامىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىچىلىرى ھېچقانداق ئۇنۇملۇك پىلانغا ئىگە ئەمەس، ھەتتا ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگۈدەك قابىلىيەتكىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ قىممەت قاراشلاردىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن پات يېقىندا يوقىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس.

ئەلۋەتتە بىزنىڭ دۇنيا تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز بار، بىراق بۇ مەسىلە دۇنيا توقۇنۇشىنى ئۇيغىنىش ۋە تەرەققىيات لايىھىلىرى؛ پىكرى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي پروگراممىلار ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندا ئاندىن بولىدۇ. بۈگۈنكى يېڭى دۇنيا تۈزۈمى، شەرىئەت كۆرسەتمىلىرى ۋە سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان قۇرۇق

ئىدېئولوگىيە شوئارلىرى بىلەن يوقىلىپ قالمايدۇ.

ئاشقۇن ئەبۇمۇسئەپ سۈرى «دۇنياۋى ئىسلام قارشىلىق ھەرىكىتى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان، ئۇ كىتابنى بازا تەشكىلاتى تەتبىقلىغان ۋە ئۇنىڭغا «ۋەھشىلەرچە ئىدارە قىلىش» كىتابى ئارقىلىق نەزەرىيەلەشتۈرگەن. ئاشقۇن تەشكىلاتلارنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىش - ھەرىكەتلەردە دۇنياۋى تۈزۈم ھازىرغىچە ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە.

مۇسۇلمان ياشلار ئاشقۇن تەشكىلاتلارنىڭ ئېنىق پىلانى ۋە ئېنىق پروگراممىسى يوق تۇرۇپ سۆرەپ كىرگەن كۆيدۈرگۈچى تونۇرلىرىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، بۇ ياشلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ھازىرچە كىچىك ۋەتەن سەۋىيىسى بويىچە ئىگە بولۇش ئارزۇلىرى ئۈستىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى توغرا تاپقان. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان ۋە كۈچى يېتىدىغان كىچىك ۋەتەن لايىھىلىرى ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ پىلانى ئاساسەن مۇسۇلمان خەلقلەرنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەردىن ۋە ھەر تۈرلۈك زۇلۇملاردىن ئازاد قىلىش؛ ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە ئىنسانىي ھۆرمەت قىممەت قاراشلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا مەركەزلەشكەن. بەزى ياشلار ئەرەب باھارى ھەرىكىتى ئۈچۈن قوزغىلاڭ يولىنى تاللىغان، يەنە بەزى ياشلار ھاكىمىيەتنى ئىچكى جەھەتتىن ئۆزگەرتىش

ۋە چىرىكلىكنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش يولىنى تاللىغان.

بۇ يولنى تاللىغان ياشلار پەقەتلا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ توسقۇنلۇقلىرىغىلا دۇچ كەلمەستىن، بەلكى يەنە دۇنياۋى قارشىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى تۈتۈپ ماڭغان ئاشقۇن تەشكىلاتلار تەرىپىدىن مىللەتچى، ۋەتەنپەرەس ۋە بۇتپەرەس تەرەپدارلىرى دېگەندەك تۆھمەتلەر ۋە توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەن. ئاشقۇنلار بۇ ياشلارغا قارىتا: پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىش كېرەك، بولمىسا سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بايراق ئاستىدا جەڭ قىلغان بولۇپ جاھىلىيەتتە ئۆلگەندەك بولۇپ قالىسىلەر، دەپ مەنىۋى جەھەتتىن زەربە بېرىشكە باشلىغان ۋە توغرا يولدىن بۇرۇۋەتكەن.

ئاشقۇن تەشكىلاتلارنىڭ يۇقىرىقى پىلانلىرى ئۈچۈن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى خاتا دەلىل قىلىپ قوللانغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ دىنى چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرمەس قائىدە سۈپىتىدە تاڭغانلىقى، شەرىئەتنىڭ رۇخسەت تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى، رىئاللىققا پىسەنت قىلمىغانلىقى، كۈچ سىلىشتۇرمىسى چۈشەنچىلىرىگە رىئايە قىلمىغانلىقى، تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالمىغانلىقى ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغانلىقى ھەممىدىن خەتەرلىك بولغان.

ئاشقۇنلارنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرى شەرىئەتنى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تۈتۈپ ماڭغانلىقنى كۆرسەتمەيدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن ھەقىقىي

ئىش ـ ھەرىكەت قىلغانلىقىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سىياسىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار دېمىسەكمۇ، ياخشى دەپ گۇمان قىلغان تەقدىردىمۇ سىياسىي قارامىلىق، ئۇرۇشتىكى ئالدىراڭغۇلۇق ۋە توقۇنۇشنى ئىدارە قىلىشتىكى قابىلىيەتسىزلىكتىن باشقا نەرسىنى كۆرسەتمەيدۇ.

### ۋەتەن ئۇقۇمىنى شەيتان كۆرستىش

ۋەتەن مەدەنىيەتنىڭ قۇچىقى ئەمەسمۇ؟ ۋەتەن ئائىلە ۋە ئەسلىمە ئەمەسمۇ؟ مۇسۇلمان كىشى ۋەتىنىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق خاتىرجەم بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ ئەمەسمۇ؟ ۋەتەن بىز تىرىلدۈرمەكچى بولغان ئۈممەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا، ۋەتەننى ئازاد قىلىش، ۋەتەننى ئادالەت، ئىنساپ ۋە ئىنسانىي ھۆرمەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىسلام ھەرىكەتلىرى 100 يىلدىن بېرى ئۇرۇنۇۋاتقان بۈيۈك ئۈممەت لايىھەسىنىڭ دەل ئۆزى بولماي قالسۇن؟

سىياسەت دېگەن ئۆزگىرىشچان ئىشلارغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ توقۇنۇشنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسى ئۆزگىرىشچان مەسىلە بولغاچقا، سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشچان ۋاستىلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا قاتتىق قېلىپنى تۇتۇپ ماڭغىلى بولمايدۇ. سىياسەت دېگەن ئەمەلىي رېئاللىق ئاساسىدا قولىدا بار ئىمكانىيەتكە تايىنىپ ئاز زىيان بىلەن

چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىز بۈگۈن دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرى سىزىلغان، ھەربىر دۆلەتكە كەسكىن قانۇن بېكىتىلگەن بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. بىز دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرى ۋە قانۇنلىرى ھەققىدە خالىغانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلىمەي دېسەك، چېگرالارنى بىز سىزمىدۇق ياكى قانۇنلىرىنى بىز بېكىتمىدۇق. كاشكى بۇنى قىلالىغان بولساق! ئەگەر بىز ھازىرقى شارائىتتا بۇنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ قالساق، ئىقتىدارىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن بۇ خىتابىمىز ئارقىلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ تېررورلۇق شىركەتلىرىنى تەمىنلىشىگە ياردەم بەرگەن بولۇپ قالىمىز.

كۆپلىگەن ئاشقۇنلار جىھاد ئۇقۇمىنى يەر شارىنى ئىككىگە بۆلگەن دۇنياۋى دائىرىدىن باشقا يەردە ئېتىراپ قىلمايدۇ. يەنى، ئۇلار دۇنيانى باتىل مەۋجۇت بولمىغان ھەقىقەت گازارمىسى ۋە ھەقىقەت بولمىغان باتىل گازارمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ، ياكى ئىمان گازارمىسى ۋە كۇپرى گازارمىسى دەپ پەقەتلا ئىككى تۈرلۈك قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلار ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرى ئۈچۈن ياكى دۆلەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ئۈچۈن ھېچقانداق ئېتىبار بەرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قىممىتى بار دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ گۇمانىچە توقۇنۇشنى رايون خاراكتېرلىك ئېلىپ بېرىش جىھادنى مەزمۇنىدىن بىكار قىلىپ تاشلىغانلىق ھېسابلىنىپ قالارمىش.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۈردىكى ئاشقۇن ياشلار بىرەر كىچىك دۆلەتتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ بولغىچە ياكى بۇلارغا

باشقىلار تەرىپىدىن ئىستىمال قىلىنغان ئاز - تولا قورال بېرىلىپ قالسا، بۇلارنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىنى ئازات قىلىش كېرەكلىكى، ئاتالمىش ئوكيانىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە غەربنىڭ پادىشاھلىرىنى ئىشكەللەپ بويسۇندۇرۇش لازىملىقى ھەققىدە ۋارقىراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. مانا بۇ تۈردىكى ئاشقۇن خىتابلار مۇستەبىتلەرنى يىقىتىپ دەپ قالغان ۋە يۇرتلارنى ئامانلىققا ئېرىشتۈرۈشكە ئاز قالغان جىھاد ۋە قوزغىلاڭ مەيدانلىرىنىڭ يىقىلىشىغا خەتەرلىك ئىشارەت بولۇپ بەرمەكتە.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، جىھاد ھەرىكىتىنى ۋەتەن سۆيگۈسىگە باغلاش توقۇنۇشتىكى ئەۋزەللىك (ئىشنى نەدىن باشلاش) ياكى ئالدىنلىق ئۇقۇملىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار دۇنيا خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بىرمۇ يۇرتنى تاپالمايمىز، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يۇرتى مەيلى ئىقتىساد ئارقىلىق بولسۇن ياكى جان ۋە قورال ئارقىلىق بولسۇن ياردەم بېرىشنى ۋاجىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىز جىھادنى ۋەتەن دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتسەك، ئەۋزەللىك (ئىشنى نەدىن باشلاش) خەرىتىسى يوقىلىپ كېتىدۇ. ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالىمىز.

بىز بۇرما، كەشمىر، ئەھۋاز رايونىغا ئالغا، قۇدۇس ئۈچۈن ئالغا، شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن ئالغا دەپ توۋلىغان ۋاقتىمىزدا، بىر يۇرتتا قوزغىلاڭنى ئۈنۈم قازاندۇرۇش ئورنىغا، ئۇ يۇرتنى پۈتۈن دۇنياغا غازات ئېلان قىلىدىغان گازارمىغا

ئايلانــدۇرۇپ قويىمىز.

جىهــاد ھەرىكىتىنــى ۋەتــەن سۆيگۈســىگە ۋە ۋەتــەن چېگرىســىغا باغــلاش جــەڭ مەيدانىــدا مۇســتەھكەم تۇرۇشــقا ۋە بەرداشــلىق بېرىشــكە تۈرتكــە بولىدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن، ۋەتىنىنى سۆيىدىغانلارنىڭ ۋەتىنىنــى ھىمايــە قىلىــش ۋە مۇداپىئــە قىلىــش ئۈچــۈن قەھرىمانلارچــە جــەڭ قىلىدىغانلىقىنــى ۋە ۋەتىنــى ئۈچــۈن جېنىنى ســېخىيلىق بىلــەن تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. جىهــاد ۋەتــەن سۆيگۈســىگە باغلانمىســا، جــەڭ مەيدانىنــى ئالماشــتۇرۇش ۋە ســقىلىش تۇيغۇســى بىلــەن باھانــە كۆرســىتىش ئەھۋاللــىرى پەيــدا بولــىدۇ. زېمىــن كەڭرىغــۇ، جىهــاد دېگەننــى ھەممــە يــەردە قىلغىلــى بولىدىغــۇ دېگــەن چاقىرىقــلار چىقىشــقا باشــلايدۇ. بــۇ ئەھــۋال جــەڭ مەيدانىــدا مۇســتەھكەم تۇرۇشــنى بوشاشــتۇرۇۋېتىدۇ. ئاشــقۇن ئەدنانــى بىــر كۈنــى: «قۇرئــان كەرىــم قولىمىــزدا بولىدىكــەن، مەۋســىل شــەھىرى ۋە رىققــە شــەھىرىنىڭ قولدىــن كېتىشــى مۇھىــم مەســىلە ئەمــەس» دەپ چېكىنگەنلىكىنــى ۋە مەغلــۇب بولغانلىقىنــى ئاقلىغــان ئىكــەن.

جىهــاد بۈيــۈك ئىســلام قىممــەت قارىشــى ۋە ئۇلــۇغ پرىنسىــپ بولىســمۇ، بىــراق ئۇنــى تەتبىقــلاش ئاســانچىلىق، قىيىنچىلىــق، ئىشــلارنىڭ پايــدا ـ زىيىنــى سېلىشــتۇرۇپ كــۆرۈش، ئەۋزەللىــك ئۇقۇملــىرى، كېڭىيىــش ۋە تارىيىشــقا ئوخشــاش ۋاســتىلەرنىڭ ھۆكمىنــى ئالــىدۇ. جىهــاد دېگــەن ئىمكانىيــەت ۋە شــارائىت ئۈســتىگە قۇرۇلىدىغــان سىياســي ئىــش ـ ھەرىكەتلەرنىــڭ قاتارىدىــن ســانىلىدىغان مەســىلىدۇر.

بىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھەربىر دۆلەت چېگرالىرى ۋە ھاكىمىيەت تۇزۇمىنى ھىمايە قىلىدىغان، بايلىقلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان يېڭى ۋەتەن دۆلەت ئۇقۇمى دۇنياسىدا ياشاۋاتىمىز. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ قالغاندا باشقا دىندىكىلەر بولسىمۇ ئىتتىپاقداشلارنى كۆپەيتىپ، مۇمكىن قەدەر خۇسۇمەتچىلەرنى ئازايتىشىمۇ جىھادنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. مانا بۇنى سىياسەت چۈشەنچىسى دەپ ئاتايمىز.

### دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىشنىڭ نەتىجىلىرى

بازا تەشكىلاتى 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى ھادىسىدىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىغا يامانلىق ياكى ۋەيرانچىلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان ۋە تۆۋەندىكىلەرگە سەۋەب بولغان:

1 ـ كابۇلدا ئامېرىكىغا تەۋە ھۆكۈمەت تىكلەنگەن.

2 ـ ئامېرىكا ئىراقتا زەرقاۋىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى بازا تەشكىلاتىنى باھانە قىلىپ ئىراقنى بېسىۋالغان، ئىراق خەلقىنى تەكفىر (مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش) ئېقىمىغا ئىتتىرگەن ۋە ئۇلارنى ئازغۇن شىئە گۇرۇھىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەرگەن.

3 ـ ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرى تېررورلۇقنى باھانە قىلىپ ئافغانىستان، ئىراق، يەمەن، سۈرىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن بېسىۋالغان. بۇ سەۋەبلىك،

ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان.

4 ـ دۇنيا سەۋىيىسى بويىچە ئىسلام دەۋىتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىغا، ئىسلام ئوبرازىنىڭ سەتلەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىشىگە، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى خەير ـ ساخاۋەت فوندى مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

5 ـ غەرب دۇنياسىدا ئىسلامپوبىيا (Islamophobia) (يەنى ئىسلام قورقۇنچى) كۆرۈنۈشىنىڭ تارقىلىشىغا، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىغا، بوزەك قىلىنىشىغا ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

6 ـ دائىش ساختا خەلىپىلىكنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھەر خىل دۇنيا كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسىدا يىغىدىن ھەمكارلىق شەكىللەندۈرۈپ ئىراق ۋە سۈرىيەنى ۋىجدانسىزلارچە بومباردىمان قىلىشقا باھانە تېپىپ بەرگەن.

## ئىككىنچى، سياسىي پائالىيەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

ئاشقۇنلاردىكى ھاكىمىيەت ۋە سۆيگۈ ـ نەپرەت مەسىلىسىدىكى سىياسىي ئاشقۇنلۇق بىر بۆلەك سىياسىي ۋە ھەربىي قىلمىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ قىلمىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1 - ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆكۈم چىقارغان ھاكىمنى مۇتلەق كاپىرغا چىقىرىۋېتىش:

ئاشقۇنلار ھاكىم ئادىل بولسىمۇ ياكى ئەركىن ۋە پاكىز سايلام ئارقىلىق ھوقۇق بېشىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا چاقىرغان. بۇ كۆزقاراش ھەربىيلەر، ئەسكەرلەر ۋە ياردەمچىلەرنىڭ قانلىرىنى ھالال ساناشقا، قازىلار ۋە مەنسەپتىكى ئۆلىمالارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول ھازىرلاپ بەرگەن.

ئاشقۇن سەيىد ئىمام مۇنداق دېگەن: «بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئوخشاش، ئىنسان تۈزگەن قانۇنلارنى تەتبىقلايدىغان يۇرتلارنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھاكىملىرى چوڭ كاپىر.

2) بۈگۈنكى قازىلار چوڭ كاپىر.

3) پارلامېنت ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە چوڭ كاپىرلار بار.

4) ئۇلارنى سايلىغۇچىلارمۇ چوڭ كاپىر.

5) سايلامغا چاقىرغۇچىلار ۋە سايلامغا تەشۋىق قىلغۇچىلار چوڭ كاپىر.

6) ئەسكەرلەر، تەشۋىقاتچىلار، مۇخبىرلار ۋە دىنىي ئورگانلارنىڭ ئۆلىمالىرى كاپىرلاردۇر»[1].

[1] سەيىد ئىمام «جامى كىتاب»، 539 ـ بەت

ئاشقۇنلارنىڭ نەزىرىدە ئەركىن سايلام بىلەن غەلبە قىلغان ھاكىم، گەرچە تارىختى پاكىز بولسىمۇ، گەرچە قىيىن سىياسىي شارائىتتا سايلامدا غەلبە قىلغان بولسىمۇ، قارا كاپىرغا چىقىرىلغان. ھاكىملارنى مۇتلەق كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسى ھاكىملارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى دەپ قارىلىدىغان ئىشلاردىمۇ ئۇلارنى قوللىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

### ترۇاگېدىيە پىكرى

مۇسۇلمان ھاكىملارنى كاپىرغا چىقىرىش، ھازىرقى ئەرەب ۋە مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلىرىنى مۇرتەد ۋە كاپىرغا چىقىرىش ئاشقۇنلارنىڭ كونا ئۇسۇللىرىدىن كېلىپ چىققان كىرىزىستىن ئىبارەت. ئاشقۇنلار بۇ پىكرى ئارقىلىق ھاكىملاردىن، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى، تۆرۈملىرى، ئورگانلىرى، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى، مېتودلىرى ۋە مەكتەپلىرىدىن تامامەن ئادا - جۇدالىق ئېلان قىلىشنى تەتبىقلىغان.

دېمەك، مەۋجۇدىيەت كىرىزىسى ئىچىدە ياشايدىغان بۇ ئاشقۇن پىكرنىڭ ئۈممەت مەسىلىلىرىدە ھەل قىلغۇچ ئاكتىپ رول ئوينىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلە مۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار ئۇ ھۆكۈمەتلەرگە بەزىدە قوراللىق، بەزىدە نەزەرىيە ئارقىلىق قارشى تۇرۇپ، تاغ باغرى ۋە قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەردە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇلار ئۆز قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ باشقا دۇنياۋى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ياكى ئىلىم - مەرىپەتلىك كاتتىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېتىبارغا

ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە قارىغاندا ھەقىقەت پەقەت ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدە تېپىلىدۇ، باشقىلاردا ھەقىقەت تېپىلمايدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بارلىق مۇسۇلمان ھاكىملار قارشى تۇرۇشقا ۋە جەڭ ئېلان قىلىشقا تېگىشلىك مۇرتەدلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلە مۇنداق تۇرسا، بۇ ھاكىملارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قانداقمۇ خۇرسەن بولغىلى بولسۇن؟ ئۇلار قانداقمۇ بۇلارنىڭ قارارلىرىنى قوللىسۇن؟ ئۇلار قانداقمۇ خەلقلەرنى ھاكىملارغا توپلاپ بەرسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار بۇ مۇرتەد ھاكىملارغا قارشى جەڭ قىلىش قارا كاپىرلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

***كۆز بويامچىلىق ۋە ئېنىقسىزلىق***

«كاپىرغا چىقىرىش پەتىۋاسى ياكى ھۆكمى» ئادەتتە شەرئى ھۆكۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن پەتىۋا ۋە شەرئى سوت ئورگانلىرىدىكى مۇتەخەسسىس كىشىلەر ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان ھۆكۈمدۇر. بۇ ھۆكۈمنى تور دۇنياسىدىكى بىرەر يازما ياكى بىرەر ئۈچۈر ئارقىلىق پالانى كىشى كاپىر ياكى پالانى ھاكىم كاپىر ياكى پالانى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقىرىش تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغان، دەلىل - پاكىتلارنى ئۇيغۇنلاشتۇرىدىغان، شەرتلىرىنى تەكىتلەيدىغان ئىلىمنىڭ قائىدىلىرىگە قىلچە رىئايە قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىلمىش ئىلىم - مەرىپەت، ئۆلىمالار، كىشىلەرنىڭ ئەقلى

ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

بەزىلەرنىڭ تار دائىرىدىكى شەخسىي قاراشلىرى ئۈممەت نامىدىن ئۈممەتنىڭ مەزھىپى ۋە مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ كۆزقارىشى دېگەن سۈپەتتە چىقماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى مۇسۇلمان ھاكىملارنى كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسى نەق تەييار پىچىلىپ بولغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى ھەربىر ھاكىمنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئۇزۇن زامان تەكشۈرۈش لازىم بولىدىغان بىر مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ ھەممەيلەن بىر نۇقتىغا كېلىپ بولغان مەسىلە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىگە قارىتا دوستلۇق ۋە ئادا ـ جۇدالىق پوزىتسىيىسىنى بېكىتمەسلىك لازىم ئىدى.

### 2 ـ ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى كاپىرغا چىقىرىش:

ئاشقۇن فارىس ئال شۇۋەيل دېگەن كىشى بۇ توغرىدا: «ھاكىملارغا ياردەم بەرگەن ياردەمچىلەر، ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلارنىڭ ھۆكمى ھاكىملارغا ئوخشاش بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ تاغۇتلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر. بۇ دەۋرنىڭ ھاكىملىرى ئىسلامدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن مۇرتەد كاپىرلاردۇر» دېگەن [1].

### 3 ـ سىياسىي پائالىيەت ئارقىلىق ھاكىمىيەتكە قاتناشقانلارنىمۇ كاپىرغا چىقىرىش:

ئاشقۇنلارنىڭ نەزىرىدە كاپىر، مۇرتەد دېگەن ھۆكۈم

[1] جەزىرە ئارمىيىسىنىڭ كاپىرلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلەر

پەقەتلا هاكىملارنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى دېموكراتىيە يولى ئارقىلىق هاكىمىيەت قۇرماقچى بولغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى دېموكراتىيە دېگەن ئاشقۇنلارنىڭ نەزىرىدە ئېنىق كۇپۇرلۇقتۇر.

ئاشقۇن مەقدەسى «دېموكراتىيە دېگەن دىندۇر» ناملىق كىتاۋىدا: «كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاللاھتىن باشقا قانۇن چىقىرىش هوقۇقىغا ئىگە دەپ قارىلىۋاتقان ساختا ئىلاهلار بۇ زاماندا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان تاغۇتلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، هەربىر مۇۋەهھىد مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا كاپىر بولۇشى ياكى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر قانۇن چىقىرىش هوقۇقىنى پارلامېنتلارغا ۋە باشقا ئورگانلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويغان. بۇ سەۋەبلىك قانۇن يولغا قويغۇچىلار ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن، ئىتائەت قىلغان، ئېنىق كاپىرلىق ۋە شېرىك ئۈستىدە ئۇلار بىلەن هەمكارلاشقان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىلاھ هېسابلىنىدۇ» دېگەن[1] .

### *ئاشقۇنلارنىڭ دېموكراتىيەگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى*

ئاشقۇنلار دېموكراتىيەنىڭ پەلسەپىسى بىلەن ۋاسىتىلىرىنى تەپسىلى ئايرىماستىن: «دېموكراتىيە دېگەن كۇپۇرلۇقتۇر» دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دېموكراتىيە دېگەن قانۇن چىقىرىش مەسىلىسىدە ئاللاهقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك

[1] مەقدەسى، دېموكراتىيە كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسى.

بولـدۇ. مەقدەسـى دېموكراتىيەنـى ئىسـلام دىنىغـا ئوخشـاش بىـر دىـن دەپ كىتـاب يازغـان ۋە بـۇ ئارقىلـىق دېموكراتىيەنىـڭ ئۇسـۇل ـ چارىلىرىنـى قوللانغانلارنـى ئاللاھنىـڭ دىنىغـا قارشـى تۇرغانـلار دەپ تۆھمـەت قىلغـان.

بىــز دەيمىزكــى، مۇسـۇلمان ئەقلـى ئۆزىنىـڭ كىملىكـى ۋە كۆلتۈرىگە ئوخشىمايدىغان قانۇن ـ تۈزۈم ۋە تۈرلۈك ئاتالغۇلارنى ئىسـتېمال قىلىشـقا ئامـراق بولـۇپ باققىنـى يـوق، شـۇنىڭ بىلـەن بىرگـە، باشـقىلاردىن چىققـان ھەرقانـداق يېڭىلىقنـى قوبـۇل قىلمايدىغـان ۋە ھـەر خىـل ھـەل قىلىـش چارىسـىنى رەت قىلىدىغـان ھالەتكـە چۈشـۈپ قالغىنىمـۇ يـوق. باشـقىلار پەيـدا قىلغـان يېڭـى نەرسـىلەرنى رەت قىلىـش دېموكراتىيەنىـڭ پەلسەپىسـى بىلـەن ۋاسـىتىلىرىنى ئايرىـپ قارىماسـتىن بىـر پۈتـۈن رەت قىلىشـنىڭ سـەۋەبىدۇر.

بىـز دېموكراتىيـە ھەققىـدە گـەپ قىلغـان ۋاقتىمىـزدا ئېتىقـاد ۋە ياكـى شـەرىئەت دېگـەن تېمـا ھەققىـدە گـەپ قىلمىـدۇق، بەلكـى سياسـي ئىمكانىيـەت ياكـى دېموكراتىيەنىـڭ ۋاسـىتە ـ چـارە تەرەپلـىرى ھەققىـدە گـەپ قىلىۋاتىمىـز. بىـز بـۇ يـەردە ھازىرقـى شـارائىتىمىزدا ياخشـى ۋاسـىتە ۋە قولايلىـق چـارە دەپ قارىلىۋاتقـان ھـەل قىلىـش چارىسـى ھەققىـدە گـەپ قىلىۋاتقانلىقىمىزنـى ئەسـكەرتىمىز، بىـز بـۇ يـەردە ئـەڭ ئەۋزەللـى ۋە ياكـى ئـەڭ توغرىسـى ھەققىـدە گـەپ قىلمايۋاتىمىـز، چۈنكـى بىـز ئـۇزۇن زامانـدىن بېـرى دۆلـەت ياكـى شـەھەرلەردە ھوقۇقنـى قولغـا كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن قـورال كۆچىگـە تايىنىـش ئارقىلـىق

ھاكىمىيەتكە چىقىش سەۋەبىدىن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ مەغلۇب بولۇپ كەلدۇق.

بىز دېموكراتىيە ھەققىدە گەپ قىلغان ۋاقتىمىزدا ئىسلام ۋە ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىنىڭ قارشىسىدا تۇرۇش ھەققىدە گەپ قىلمىدۇق، بەلكى ھاكىمىيەتنى كۈچكە تايىنىپ تارتىۋېلىش ياكى ھاكىمىيەتنى زوراۋانلىق قىلىش ئارقىلىق ئىدارە قىلىۋاتقان سىياسىي مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمىز.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، دېموكراتىيە دېگەن ئاتالغۇ سىياسىي ئەركىنلىك مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، شۇڭا ھېچبىر مۇسۇلمان بۇ مەسىلىنى دىنىمىزنىڭ كەسكىن پرىنسىپلىرى، ئېتىقاد ئاساسلىرى ياكى ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرگە قارشى قوللىنىدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. دېموكراتىيە دېگەن ئىجتىمائىي كېلىشىم بويىچە قان تۆكمەستىن ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشماستىن ھاكىمىيەت ماقامىغا سوغۇق قانلىق بىلەن چىقىشنىڭ سىياسىي ۋاستىسىدىن ئىبارەت.

بىز دېموكراتىيەنىڭ «مۇتلەق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ» دېگەن پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلمايمىز. شۇنداقلا دېموكراتىيەنى كۆپرىلىق دىنى دەپ ئۇنى دىن دەپ قارايدىغان ۋە ئۇ ئاشقۇن چۈشەنچىسىنى بىزگە تاڭماقچى بولغانلارنىڭ كۆزقارشىنىمۇ قوبۇل قىلمايمىز. دېموكراتىيەنى دىن سۈپىتىدە ئىسلامنىڭ قارشىسىدا قويۇش چوڭ خاتالىقتۇر، چۈنكى ئىسلام دىنى كەمچىلىك ياكى قۇسۇر

تىپىلمايدىغان مۇكەممەل دىندۇر. ئەمما دېموكراتىيە بولسا سىياسىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاستە ـ چارىسىدۇر. بۇ ۋاستە ـ چارىنى ھەر ئۇممەت ياكى ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، مەدەنىيىتى ۋە كۇلتۇرى بويىچە چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېموكراتىيە دېگەن كۆپ سانلىقنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدۇر، خالىغانچە قانۇن يولغا قويۇشتۇر ۋە مەسئۇلىيەتسىز پۈتۈن ئەركىنلىكنى قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت دەپ ئىزاھلىسا توغرا بولمايدۇ.

ئەركىنلىك مەسىلىسى قانۇن ـ تۈزۈم ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنگىلىيە ئەڭ قەدىمكى دۆلەت سانىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق پادىشاھلىقنى ئېلىپ تاشلاش ياكى ئۇنى ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىش توغرىسىدا ئاۋازغا تاشلىمايدۇ. ئەنگىلىيە پارلامېنتى بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ، بىر پارلامېنت ئەزاسىنى ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ. فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىرىمۇ دېموكراتىيەنى ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا چۈشىنىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزغا ئوخشىمايدىغان پەلسەپەنى دەپ ئىلاھىي قىممەت قاراشلىرىمىزدىن ۋاز كېچەمدۇق؟ نەدە ئۇنداق ئىش بار؟!. بىز دېموكراتىيەنى دەپ مۇسۇلمانلىقىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، بىز ھېكمەتنى نەدە ۋە كىمنىڭ قولىدا تاپساق، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بىز مۇسۇلمانلارمۇ دېموكراتىيەنىڭ ئەقىدىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزغا ئۇيغۇن كەلگەن تەرەپلىرى بولسا پايدىلانساق بولىدۇ، ئەقىدىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزغا ئۇيغۇن كەلمىگەن تەرەپلىرى بولسا قوبۇل قىلمايمىز. مەسىلەن، دېموكراتىيەنىڭ ھەربىي ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئەمەس، سايلام ئارقىلىق ھاكىمىيەت ياكى سىياسىي ھوقۇقنى تىنچ يول بىلەن بىر قولدىن يەنە بىر قولغا ئالماشتۇرۇشقا كېپىللىك قىلالايدىغان ۋاستە ـ چارىلىرى بار. بۇ ۋاستە ـ چارىلەردىن پايدىلانساق، شەرىئىتىمىزگە زىت كېلىدىغان ھېچقانداق تەرىپى يوق.

بىزدىكى قىيىنچىلىق مەسىلىسى شۇكى، بىز ئۈستى ئوچۇق بولمىغان ئىككى سەپ ئارىسىغا كىرىۋالدۇق، چۈنكى بەزىلىرىمىز ئەقىدىمىزگە زىت كەلسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىزنى تاشلاپ قويۇپ غەربنى مۇقەددەس بىلىپ غەربنىڭ ھەممە نەرسىنى ئايرىماستىن قوبۇل قىلىپ ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز. يەنە بەزىلىرىمىز غەربتىن كەلگەن ھەممە نەرسىنى بىر پۈتۈن رەت قىلىۋاتىمىز. بۇ ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل بىزنى ھەقىقى قىيىنچىلىققا تىقىپ قويماقتا.

بىز مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا دېموكراتىيەنىڭ ۋاستىلىرىدىن پايدىلانساق بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا، دېموكراتىيە ئۇقۇمى ئىسلامغا قارشى تۇرغان بولمايدۇ. دېموكراتىيەنىڭ پەلسەپىسى بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ۋاستە ـ چارىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ

قارىساق مەسىلە ھەل بولىدۇ.

### ئاشقۇنلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرنى كاپىرغا چىقىرىشنىڭ نەتىجىلىرى

**1 – ھەمكارلىشالماسلىق ياكى ھەمكارلىقنىڭ مەغلۇپ بولۇشى:**

بۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ياكى باشقا پىكىردىكى كىشىلەر بىلەن سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ئىتتىپاق تۈزۈش مەسىلىسىدە تېز مەغلۇپ بولغان، شۇنداقلا ئۆزلىرى تاغۇت ياكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى دەپ قالپاق كىيدۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى دۇنياۋى توقۇنۇشقا كىرىپ قالغان. بۇ ئارقىلىق جىھادنى تۈرلۈك ياردەم بېرىش مەنبەلىرىدىن مەھرۇم قىلغان، دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى رەسۇلۇللاھنىڭ سىياسىي ئىتتىپاق قۇرۇش، ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە كېلىشىم تۈزۈشكە ئوخشاش مېتودىغا ئېنىق زىت قىلمىشتىن ئىبارەت.

ئاشقۇن مەقدەسىنىڭ سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرى توغرىسىدا دېگەن سۆزىگە ۋە ئۇلارنى خائىنغا چىقارغانلىقىغا قاراڭ. مەقدەسى سۈرىيەدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كېلىشىم تۈزۈشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىزگە ۋە دىنىمىزغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كاپىرلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن ئۇلار چاقىرغان سورۇنغا بېرىش، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە دۆلىتى چىقارغان كۈپرى نەتىجىلىرىگە رازى بولۇش، ئۇنىڭغا رازى بولمايدىغان مۇجاھىدلارغا سۇيىقەست قىلىش مۇرجىئەلەر

ئىجتىھاد نامى ئاستىدا ئاقلاپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئىنىق كۆرىلىقتۇر. بىز بىرقانچە قېتىم سۇيىۇقلاشتۇرىدىغانلارنىڭ ھىيلە - مىكىرىدىن، مۇرجىئەلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مولللىرىنىڭ يامان نىيىتىدىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تاغۇتلارنىڭ پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدۇق»[1].

ئاشقۇنلار بۇ كەسكىن پەتىۋاسى ئارقىلىق ھەرقانداق سىياسىي ھەرىكەت ۋە ھەر تۈرلۈك سىياسىي پائالىيەتنى سىقىۋەتكەن، شۇنداقلا نىشاندا بىرلىككە كېلەلىسىمۇ، بىراق پىكرى جەھەتتىن تۈرلۈك بولغان ئىنسانلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ئۈچۈن پۇرسەت بەرمىگەن. ئاشقۇنلارنىڭ بىر خىل قېلىپتىكى پىكرىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ زوروۇرلۇكى توغرىسىدىكى تەرسالىقى ئىسلام ھەرىكەتلىرى ئارىسىدا بۆلۈنۈش ئاملى پەيدا قىلغان ھەم پەيدا قىلماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھاكىمىيەتلەرنى ئۆرۈپ تاشلاشتىن ئىلگىرى كۆزقاراش ئوخشىماسلىقىنى تامامەن تۈگىتىپ، تارماق مەسىلىلەردىمۇ بىرلىككە كېلىش لازىممىش...

ئاشقۇنلارنىڭ بۇ پىكرى ئافغانىستاندا مۇجاھىدلارنىڭ ھۆكۈمەت شەكىللەندۈرۈشىنى مەغلۇپ قىلىۋەتكەن ۋە ئەھمەد شاھ مەسئۇدنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارغان. بۇ كىرىزىس ئافغانىستان جەمئىيىتىنى بۆگۈنگە قەدەر پارچىلىماقتا.

---

[1] تەۋھىد مۇنبىرىدىكى ماقالىسىدىن ئېلىندى.

**2 - سەھۋات (مۇرتەد) ياساپ چىقىش:**

سەھۋات (مۇرتەدلىك) مەجلىسىنى ئامېرىكا ياساپ چىققان، بۇ مەجلىس ئەھلى سۈننى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان مەجلىس بولۇپ، ئىراق ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ئامېرىكا تەرىپىدىن قوراللاندۇرۇلغان.

يۇقىرىقىدەك شەكىلدە ئەسكەرلىككە ئېلىش خىيانەت بىلەن مەنىداش بولغانلىقى ۋە تاجاۋۇزچى دۈشمەن بىلەن ھەمكارلاشقانلىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەجلىس خەلق ئالدىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئاقلىيالايدىغان باھانىگە موھتاج ئىدى، شۇڭا بۇلار بۇ باھانىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن پىكرى جەھەتتىن زورلاش ئۇسۇلىغا تايىنىدىغان، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئايرىمچىلىق قىلىدىغان ۋە ئەھلى سۈننىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان ئاشقۇن جىھادچىلار بىرلەشمىسىنى قوللانغان.

ئاشقۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ تەمسىلچىلىرى ئاشقۇن «زەرقاۋى» شەكىللەندۈرگەن تەۋھىد ۋە جىھاد قوشۇنىنى ئالدىغا چىقارغان ۋە ئۇنىڭ ئارقىدىن مۇرتەدكە چىقىرىشنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر بۆلەك باھانىلەرنى پەيدا قىلغان، چۈنكى ئاشقۇنلار شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى كىشىلەرگە مەجبۇرىي ئەمىر قىلىپ تاڭغان ئىدى، ئىراقتىكى ئەھلى سۈننى مەجلىسلىرىنى «ھۆكۈمەت ئۆلىمالىرى» دېگەن قالپاق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن، بەلكى ئۇلارنى مۇرتەدلىك دەۋاسى بىلەن ۋەھشى شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇنداقلا جەمئىيەت ئاقساقاللىرىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، ئۆزلىرىنى جەمئىيەتنىڭ

بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان.

گەرچە جەمەتلەر دۆشمەنگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە جىھادنى قوللاش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، بىراق ئاشقۇنلار جىھادنى قوللىغان ۋە ياردەم ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەن قەبىلە ياكى جەمەت ئاقساقاللىرىنىڭ پىيىغا چۈشكەن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قىلچە ئېتىبار بەرمەستىن ئۇلارنى نىشانغا ئالغان ۋە بەزىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىغان. ئاشقۇنلار بۇ قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئىراق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى پارچىلاپ تاشلىغان، ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرگەن، كوممۇنىستلاردىن تازىلاش باھانىسىدا ئىراقنى سەركىلەردىن قۇرۇغداپ، قالايمىقان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان.

ئاشقۇنلار پەيدا قىلغان بۇ زۇلۇملار بىرلىشىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زېھنىدا دەسلەپتە ئاشقۇن جىھادچىلارغا، ئاندىن كېيىن بارلىق مۇجاھىدلارغا ئاداۋەت ۋە دۆشمەنلىك قارىشىنى پەيدا قىلغان. ئامېرىكا قورال ۋە ئىقتىسادقا موھتاج بولۇۋاتقان بۇ ئاشقۇنلارنىڭ مەجلىسىدىن خۇرسەن بولۇپ كەتكەن. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ئامېرىكا ئىقتىساد، قورال - ياراغ ۋە تۈرلۈك ئالاقىلەر ئارقىلىق «سەھۋات»لار (كاپىرغا چىقىرىدىغانلار) مەجلىسگە سۇقۇنۇپ سىڭىپ كىرگەن ۋە ئۇ مەجلىسنىڭ يېتەكچىلىرىنى CIA ئىستىخبارات ئورگىنىغا باغلىۋالغان.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە «سەھۋاتلار مەجلىسى» ئەھلى سۈننىلەرنى ھىمايە قىلىدىغان ھەربىي مەجلىس بولۇش

ئورنىغا ئامېرىكىغا تەۋە سېپىلما يالالنما ئەسكەرلەرگە ئايلانغان. ئامېرىكا بۇ مەجلىسنى باغدادتىكى يېشىل رايوندىن ئىدارە قىلغان. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئويۇنلىرى سەۋەبىدىن تاجاۋۇزچىغا قارشى تۇرۇش توقۇنۇشى ئەھلى سۈننىنىڭ ئارىسىدىكى ئىچكى توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەھلى سۈننىلەر بۇ ئاشقۇنلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىرانىنىڭ سېپىلما ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە قارشى توقۇنۇشقان.

ئىراقتىكى ئەھلى سۈننىنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشۇشى نەتىجىسىدە ئىراق قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئامېرىكىنىڭ نىشانى ئىشقا ئاشقان. ئىراقتىكى كاپىرغا چىقىرىش ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە (سۈننى ياكى شىئە) كىملىكىگە ئاساسەن ئۆلتۈرۈش نەتىجىسىدە ئىرانىنىڭ نىشانىمۇ ئىشقا ئاشقان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىراقتىكى جىھاد نامىدىن سۆزلەيدىغان قوراللىق تەشكىلاتلار ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇم، تاجاۋۇز قىلىش ۋە ھوقۇقنى كۈچكە تايىنىپ تارتىۋېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن.

### 3 - ئاتالغۇ توقۇنۇشى پەيدا قىلىش:

ئاشقۇنلار مۇسۇلمانلارنى تۈگىمەس ئاتالغۇ توقۇنۇشلىرى بىلەن ئاۋارە قىلماقتا ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى سۆيگۈ ۋە نەپرەتنىڭ ئاساسى قىلىۋالماقتا.

### 1) مەدەنىي دۆلەت ئۇقۇمى:

ئاشقۇنلار شەرئەتكە ئېسىلىش باھانىسىدا قايسىبىر

سىياسىي لايىھەنى كاپىرغا چىقىرىش، ۋەتەننى مۇستەملىكىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن قايسىبىر لايىھەسىنى ئۇرۇپ تاشلاش، مەدەنىي دۆلەت ئۇقۇمىغا ئىشەنگەنلەرنى كاپىرغا چىقىرىش، ئۇنىڭ قېنىنى ھالال ساناش ۋە قورالى بولسا غەنىيمەت دەپ قاراش ئۈچۈن بىر بۆلەك تۆھمەتلەرنى تەييارلاپ قويغان.

بۇ ئاشقۇنلار سىياسىي مۇسۇلمانىنىڭ قوزغىلاڭدا، جەڭلەردە، ياكى ئۆزئارا ماسلىشىپ ۋە بۆلۈشۈپ ھەرىكەت قىلىش ئىشلىرىدا ياكى تەشۋىقات ۋە سىياسىي ئاقارتىش ئىشلىرىدا ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىي، دېموكراتىيە ۋە بىرقانچە پارتىيىلىك بولۇش ئۇقۇملىرى...غا ئوخشاش سىياسىي قېلىپلارغا بەزىدە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا قىلچە ئالمىغان. سىياسىي مۇسۇلمان بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەقىدىسى ۋە ياكى شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىگە زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان ھالەتتە بۇ ئاتالغۇلار ئارقىلىق مۇمكىن بولغان بەزى تەلەپ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

شەرىئىتىمىزدە بۇنىڭ ئۈچۈن رۇخسەت ۋە بەلگىلىمە خاراكتېرلىك ھۆكۈم، ئاجىزلىق ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى، سىلىشتۇرما ۋە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ ئىش قىلىش چۈشەنچىسى يولغا قويۇلغان. ھەربىر ئىشلار بۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن ئۆز مىقدارى بويىچە ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭغا كۆرە، مەزمۇنى يوق قۇرۇق شوئارلارنى كۆتۈرۈۋالساق بولمايدۇ، تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىپ قاتناش ۋاستىسىنى بۇزۇۋەتسەك

بولمايدۇ، ھاياجانلىنىپ كېمىنى تېشىۋەتسەك تېخىمۇ بولمايدۇ.

### 2) ۋەتەنداشلىق ئۇقۇمى:

كۆپلىگەن مۇسۇلمان ياشلار ۋەتەنداشلىق ئۇقۇمىنى مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان غەربنىڭ ئاتالغۇسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار دائىم دېگۈدەك غەربتىن كەلگەن ئاتالغۇلارغا دىققەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇنى سۈيىقەست دېگەن ئاساستا ئۇنىڭغا قارشى مۇداپىئە سېپىنى ئالىدۇ.

غەرب ئاتالغۇلىرىنىڭ بەزىسى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بىراق غەرب دۇنياسى ئۇ ئاتالغۇنى پىشۇرۇپ تاۋلاشتا دەسلەپتە ئۆزىگە تەجرىبە قىلىپ، ئاندىن بىزگە سۈيىقەست قىلىش ئۈچۈن ئېكسپورت قىلىشقا ھەر دائىم تەييار بولمىسا كېرەك. مەسىلەن، دېموكراتىيە ئاتالغۇسى مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن، مەدەنىي دېگەن ئاتالغۇ ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن بارلىققا كەلگەن. غەرب دۇنياسى بۇ ئاتالغۇلارنى پەيدا قىلىۋاتقاندا بىزگە ئېكسپوت قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. بىراق ئاشقۇنلار چوڭقۇر ئويلانماستىن، يۇقىرىقى ئاتالغۇلاردىن ۋاستە - چارە شەكلىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇئامىلە قىلىپ سالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى (خۇددى ئۇ ئاتالغۇلار تەۋھىدكە زىت ۋە شەرىئەتتىن چىقىرىۋېتىدىغاندەك) كاپىرغا چىقارماقتا.

بۇ ئاتالغۇلار بىر ئەسىر خاراكتېرلىك نۇرغۇن كۈچنىڭ بەدىلىگە كەلگەن، مىللەتلەر ئارىسىدا نۇرغۇن قانلار

تۆكۈلگەن كۈلتۈر ئاتالغۇلىرىدىن ئىبارەت. بىرەر مىللەت ئۇ ئاتالغۇنى يالغۇز كەشىپ قىلالمايدۇ ياكى مەن ئىجات قىلدىم دېيەلمەيدۇ.

بۇ يەردە بىر كىشىنىڭ شەخسىي قانائىتىنى ئۆزگەرتىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، لېكىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي كېلىشىمنى ھۆرمەتلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئاتالغۇلارنى رەت قىلىش ياكى ئۇنىڭغا قارىتا قاتتىق سەزگۈر بولۇش سەۋەبىدىن سىياسىي پائالىيەتلەرنى پالەچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويسا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بۈگۈنكى ئىسلام ھەرىكىتىدىكى كىشىلەر ئۆز يۇرتلىرىدىمۇ چەتكە قېقىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇسۇمەتچىلىرى بولسا پايتەخت، ئىقتىساد مەركەزلىرى ۋە ئامانلىق مەركەزلىرىدە راھەتچە ئولتىرىدۇ.

**خۇلاسە**

1 ـ ۋەتەنداشلىق، دېموكراتىيە، مەدەنىي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يېڭىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ئاتالغۇلاردىن ئەنسىرەش مۇستەبىتلىك تاشلىرىنى يىقىتماقچى بولغان ياكى خەلقنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان پۇرسەتلەرنى رەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلەر بۇ ئاتالغۇلارنى ئەخلاقسىزلىققا باشلاپ بارىدۇ دېگەن ئاساستا رەت قىلماقتا، خۇددى مۇستەبىتلىك كىملىكىمىزنى ھىمايە قىلىۋاتقاندەك.

2 ـ ئاشقۇنلار كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان

يۇرتلاردا سۆز قىلغاندا ۋەتەنداشلىق ۋە دېموكراتىيە شەكىللىرىنى رەت قىلىدۇ. بىراق ياۋروپا، ھىندىستان ۋە خىتتايغا ئوخشاش يۇرتلاردا ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا بۇ يۇرتلاردا دېموكراتىيە بولمىسا مۇسۇلمانلارغا ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتنىڭ بولمايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كېلىپ قالمايدۇ. ھالبۇكى، ئاشقۇنلار كىملىك ۋە تەسەۋۋۇرى ئېنىق بولمىغان شەرئىي قاراشلىرىنى ھاكىم قىلىشتىن ئىبارەت ئاتالغۇ توقۇنۇشىدا كۆچىنى خورىتىپ، ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي قىممەت قاراشلارغا ئوخشاش مۇھىم مەيدانلارنى ئىسلامغا قارشى زىت ئېقىملارغا تاشلاپ قويغان.

3 ـ دىنىمىز ۋە شەرىئىتىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسىتى ھەقنى ھەق قىلىش، باتىلنى يوقىتىش، باتىلغا قارشى ھەق مەيدانىدا تۇرۇش، مۇستەبىتلىككە قارشى ئەركىنلىك سېپىدە تۇرۇش، زۇلۇمغا قارشى ئادالەت سېپىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئىشلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىي كىملىكىنى رېئاللىققا ئاشۇرىدۇ، قۇرۇق شوئارلار ئىسلام كىملىكىنى رېئاللىققا ئاشۇرالمايدۇ.

4 ـ ئىسلام خىزمەت سېپىدە ئىش ـ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار تار گۇرۇھۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئېقىملىرىدىن يىراق تۇرۇپ، بۇ ئۈممەت ئۈچۈن قۇتۇلۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئۇلار تار دائىرىدىكى گۇرۇھۋازلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كۈچ ۋە پائالىيەتلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان كەڭرى مەيدانغا يۈزلىنىپ، ھاكىم ياكى

مەھكۇمنىڭ قولىدىكى مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشى لازىم.

بىز ئورتاق نۇقتىلاردا ۋە پرىنسىپال مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلەيلى، سەپلىرىمىزنى تۈزۈپ چىقايلى، كۈچلەرنى بىرلەشتۈرەيلى، خەلقلىرىمىزنى مۇداپىئە قىلايلى، ئۇلاردىن زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋېتەيلى، زېمىنىمىزنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تەمەلىرىدىن تازىلايلى.

مانا بۇ ئىشلار شەرئى قائىدىلەر، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شارائىتلار ئاساسىدا قولايلىق بولغان ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشتىن توسمايدۇ.

## ئۈچىنچى، ئاشقۇنلارنىڭ ھەربىي ساھەدىكى دۆتلۈكى

ئاشقۇنلار مەدەنىي ئىنسانلار توپلاشقان يەرلەردە پارتلىتىش ئېلىپ بارىدۇ، ساياھەتچىلەرنى نىشانىغا ئالىدۇ، دۇنيانى مۇسۇلمانلاردىن قورقىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، خاتا ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتا ئىستراتېگىيەسى شۇكى، ئۇلار مۇئەييەن بىر يۇرتنىڭ ياكى ئۈممەتنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەللىرىگە قىرغىن قىلىدىغان دۈشمەن قوراللىرىنى سۆرەپ كىرىشى ۋە مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا ئون يىلغا قەدەر سوزۇلغان ئۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىدىن ئىبارەت. 2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىكى دۇنياۋى تىجارەت مەركىزىنى مەدەنىي ئايروپىلان بىلەن پارتلىتىش بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

د. ئابدۇلكەرىم بەككار بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار ئۆزلىرى توغرىسىدا شىپھىلىكنى بەك ياخشى كۆرىمىز، دەپ ئويلىشىدۇ، شۇنداقلا قەيسەرلىك كۆرسىتىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە بەگلىك، ۋىلايەت ۋە دۆلەت قۇرغىلى بولىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە يىلدا ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا بىرقانچە ۋىلايەت ۋە بەگلىكلەر ھەققىدە ئېلان بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىيالايمىز. بۇلارنىڭ پرىنسىپى بويىچە كىم كۆزى يەتمەيدىغان ئىمپېرىيە قۇرۇشقا كەسكىن ئېتىقاد قىلسا، ئۇ ئىمپېرىيەنى قۇرالايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بۈگۈنكىدەك رايون خاراكتېرلىك دۆلەتلەر ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى بار زاماندا ئۇنداق قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ.

ئۇزۇن قۇرۇق دەۋالار ۋە كەڭ كەتكەن خىياللار قىيىنچىلىقى خاۋارىجلارنى نەگىلا بارسا توزىتىپ يوقىتىپ تاشلايدۇ، بىراق ئۇلار تۆۋەن سەۋىيىلىك ئەمما يۈكسەك قىزغىنلىقى بار بولغان بەزى ياشلارنى ئەتراپىغا توپلىۋالغانلىقىنى دو تىكمەكتە.

ئىنسانىنىڭ ئۆزى ھەرىكەتلىنىۋاتقان مۇھىتنى ياخشى بىلمەسلىكى، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە رىقابەتلىشىش ئامىللىرىنى چۈشەنمەسلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ مەغلۇبىيەت ۋە پېشكەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالدى، بىراق بۇنى چۈشىنىدىغان خاۋارىجلار نەدە بار؟

بازا تەشكىلاتى ئامېرىكىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ

بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمىنى دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئىقتىساد مەنبەسىدە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئامېرىكىدىكى دۇنيا تىجارەت مەركىزى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر بۇ ئىقتىساد سىمۋولى يىمىرىلسە، ئامېرىكا ئىقتىسادىي چۆكۈپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان»[1].

***قارا — قويۇق ئۆلتۈرۈش***

ئاشقۇنلار مەدەنىي ئىنسانلاردىن ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرگەن، ئامانلىق تىلەپ كىرگەن كىشىلەرنىمۇ ئۆلتۈرگەن، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى قالقان قىلىۋېلىش باھانىسىدا ئېلىۋالغان، كىشىلەرگە كېچىلىرى ھۇجۇم قىلغان، ئەسىرلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ۋە بوغۇزلىۋەتكەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان ئىشلارنى پەخىرلىنىپ سۈرەتكە ئېلىپ تارقاتقان، باشقا دىندىكى كىشىلەرنى ئامانلىقى بۇزۇلدى دېگەن باھانە بىلەن ئەسىرگە ئېلىۋالغان ۋە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئۇلار سۈرىيە ۋە ئىراقتا، بولۇپمۇ ئاددىي ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى مەركەزلەشكەن رايونلاردىمۇ پارتلىتىش ئېلىپ بارغان، زالىملارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان مۇجاھىدلارنى كاپىرغا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ مەركەزلىرىنى ئۇرۇپ تاشلىغان ۋە قانلىرىنى ھالال سانىغان. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ساياھەتچىلەر، ۋىزا ئېلىپ كىرگەنلەر ۋە دىپلومات كېلىشىم

[1] د.بەككار «ئاشقۇنلۇق ئۇقۇمىنى پارچىلاپ تاشلاش»، 25 ـ بەت

ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ قانلىرىنى ھالال سانىغان، چۈنكى ئاشۇلار ھازىرقى ھاكىملارنىڭ كىلىشىملىرىنى ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس دەپ قارايدۇ، ھازىرقى ھاكىمىيەتلەر ئامان بەرگەن كىشىلەرگە ئاشۇلار ئامانلىق بەرمەيدۇ. بۇنىڭغا كۆرە، ھەربىر كىشى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىلەر ھەققىدە مۇرتەدلىك ۋە كاپىرلىق قالپىقىنى باھانە قىلىپ قالسا، قانچىلىك قالايمىقانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

*تەشكىلاتنىڭ باتىنىيلىق ۋە ئىستىخبارات ۋەزىپىسى*

تەشكىلاتچىلىق جەھەتتىن باتىنى (ئېنىقسىزلىق) بولۇش، ھەرىكەت ئىسىملىرىنى قوللىنىش، جۇغراپىيە لەقەملىرىنى ئىستېمال قىلىش؛ ھەمدە بۇ تەشكىلاتلاردىكى ئىلمىي مەنبەنىڭ، يېتەكچىلىرىنىڭ ۋە نىشانلىرىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ئىراننىڭ ئىراققا، ئېفىئوپىيەنىڭ سومالىغا، روسىيە ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ سۈرىيەگە سۇقۇنۇپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن، شۇنداقلا بۇيۇك مېتود بۇرۇلۇشىغا ئېلىپ بارغان، مېتود بۇرۇلۇشى توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرگەن. بۇ مېتود بۇرۇلۇشى مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى باتىنى ئىسمائىلىيە پىرقىسىگە ئوخشاش قان تۆكىدىغان ۋە سۇيىقەست قىلىدىغان ئېقىملارغا ئوخشىشىپ قالغان. تارىختىكى باتىنى ئىسمائىلىيە پىرقىسى «ئۆلۈم قەلئەسىنىڭ ئىگىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىدىكى جىھاد قوماندانلىرىنى ئۆلتۈرۈش،

سەلچۇق دۆلىتىنىڭ ئەرەبلىرى ۋە ئۆلىمالىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن سۈيىقەست ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىدى. بۇ ئېقىم تارىختا سېتىلما ياكى ياللانما ئەسكەرنىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن.

بۈگۈنكى ئاشقۇنلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى باتىنىيلىق (يوشۇرۇن تەشكىلاتچىلىق) سەۋەبىدىن بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان قوماندانلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدىكى قارار ئىگىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقلا بۇ تەشكىلاتلار بار رايونلاردا يۈز بېرىۋاتقان بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق ئىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت چېكىنى ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئاشكارا ياكى پەخىرلىنىپ قىلىۋاتقان قىلمىشلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىراق ۋە سۈرىيەدە بۇلارنىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچرىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇجاھىد ياشلار ياكى ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئالىملاردۇر.

***تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش***

مەن بۇ يەردە سۈيىقەست نەزەرىيىسىنى كۈچلەندۈ-رىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس، لېكىن مەن رايونىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي ھادىسىلەر بىلەن ئۇيغۇنلىشىپ قالىدىغان بەزى ۋەقەلەرنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن.

ئامېرىكىنىڭ دۇنيانى كونترول قىلىشتىكى ھازىرقى زامان

سىياسىي نەزەرىيەچىلىرىنىڭ بىرى بولغان «بەرنارد لويىس» 2005 ـ يىلى: «ئەرەبلەر بۇزۇق ۋە بۇزغۇنچى مىللەتلەر، ئۇلارنى مەدەنىيەتلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بەلكىم ئۇلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە دۇنياغا تېررورلۇق دولقۇنىنى ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن، شۇڭا، ئاسان يوقىتىش ۋە قولاي بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى سىقىش، ئۇلار ئارىسىدا ئىرقچىلىق، يۇرتۋازلىق ۋە گۇرۇھۋازلىق تالاش ـ تارتىشلىرىنى قوزغاپ چىقىش لازىم» دېگەن.

رېئال دۇنياغا قارايدىغان بولساق، بۇ پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، غەرب دۇنياسى 1979 ـ يىلى خۇمەينى ئىنقىلابىنى قوللىغان. غەرب دۇنياسى شىئەلەرنىڭ شىئە گۇرۇھۋازلىق ئىدىيىسىنى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى رايونلىرىدا تارقىتىپ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىرانغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئەمما سۈننى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىغا قارايدىغان بولساق، غەرب دۇنياسى ئافغانىستاندىكى مۇستەملىكىگە قارشى ۋەتەن ئازادلىق جىھاد ھەرىكىتىنى گۇرۇھۋازلىق پىلانلىرى ۋە كاپىرغا چىقىرىش ئېقىمى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ئېقىملارغا ئايرىپ بىرلىك سەپىنى پارچىلىۋەتكەن، جىھاد نامىدىكى تۈرلۈك ئېقىملار ۋەتەن ـ يۇرتلارنى مۇرتەد ھاكىملار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئازاد قىلىش باھانىسى ئاستىدا ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كەتكەن، توقۇنۇش كومپىسى ئەسلىي يۆنىلىشىدىن

بۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە بازا تەشكىلاتى قۇرۇلغان، بازا تەشكىلاتى پۈتۈن جاھانغا جەڭ ئېلان قىلغان ئۇرۇش پروگراممىسىنى ئېلان قىلغان.

ئافغانىستاننى ئاساس قىلغان «بازا تەشكىلاتى» ئافغانىستاندىن سومالىغىچە، ئىراقتىن سۈرىيەگىچە ئىسلام دۇنياسىغا ۋەيرانچىلىق، ۋەھشىيلىك ۋە قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار ئەرەب باھارى قوزغىلىڭىنى ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش پىلانىدىن تۇراقسىز رايونلارغا ۋە قوراللىق تەشكىلاتلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ قوراللىق تەشكىلاتلار يۇرتلارنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا خاراب قىلىۋەتكەن ۋە جەمئىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا پارچىلىۋەتكەن. نەتىجىدە بۇ قوراللىق تەشكىلاتلار ھېس قىلىپ ھېس قىلماي مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە خىزمەت قىلغان، ئۇلارنىڭ زالىم سىياسەتلىرىنى ئاقلاشقا يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇلار يەنە مۇستەملىكىچى كۈچلەر ۋە مۇستەبىت ھاكىملارنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسىدا خەلقلەرنى بوزەك قىلىشى ۋە خورلىشىغا ياخشى باھانە بولۇپ بەرگەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يۇرتلىرىمىز يۇرتۋازلىق ۋە گۇرۇھۋازلىق ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. غەرب دۇنياسى قوللاپ چىقارغان خۇمەينى ھەرىكىتى ۋە ئاشقۇن ئېقىملار خەلقلەرنىڭ قانلىرىدىن غىزالانماقتا. خۇمەينىچىلەر ۋە كاپىرغا چىقىرىدىغان ئاشقۇنلار مۇسۇلمانلار رايونلىرىنى پارچىلاشقا ۋە كونترول قىلغىلى

بولمايدىغان قالايمىقانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋاستە بولۇپ بەرگەن.

د. ئابدۇلكەرىم بەككار مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان بىر ئۇممەت ياكى مىللەت ياكى بىر ۋەتەن ياكى بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئۇنىڭ روھىي ۋە ئەقلىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، سىرتقا قارىتا ئېچىلىشقا مايىل بولىدۇ، تۇرلۇك بولۇش چۈشەنچىسىنى توغرا تاپىدۇ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ساغلام ئەقىللىق ئىنسانلار مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئەمما ئاشقۇنلار ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، شۇنداقلا جەمئىيەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئىشلىرىدا ھەقىقەت ۋە توغرىلىقتىن يىراقلاشقانلىقىنى ھېس قىلغاندا، بېكىنمىچىلىككە مايىل بولىدۇ، ئالاقە دائىرىسىنى تارايتىدۇ، پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ماسلىشىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەردىن باشقىسىغا ئاچمايدۇ... بىر ئىنساننىڭ تەۋەلىك دائىرىسى تارايغانچە ۋە مۇئەييەن بىر جامائەت بىلەن چەكلىنىپ قالغانچە، سۆيگۈسىنىڭ ئۇنىڭغا كۈچلۈك بولىدىغانلىقى تونۇشلۇق مەسىلە. مۇنداق ھالغا كېلىپ قېلىش مۇتەئەسسىپلىككە سەۋەب بولىدۇ ۋە ئۆزى توغرا دەپ قارىغان پىكىر ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشنى رەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ» [1].

[1] د. بەككار «ئاشقۇنلۇق ئېڭىنى پارچىلاپ يوقىتىش»، 64 ـ بەت

## تۆتىنچى، ئەھلى سۈننى مەنبەلىرىنى پارچىلىۋېتىش

ئاشقۇنلار ئۆلىمالارنى «ھۆكۈمەت مولىللىرى» دەپ سۆكەتتىلگەن، پەتىۋا ئىشلىرىغا شەرئى ئىلىملەردە ئاكادېمىك شەكىلدە كەسپىي يېتىشىپ چىقمىغان بىلىمسىز كىشىلەر ئىگە بولىۋالغان. پەتىۋا ئىشلىرىغا ئىگە بولىۋالغانلار «ئىددە ـ تەييارلىق» ۋە «جامى» كىتابىنىڭ ئىگىسى بولغان «دوكتور پەزلى»گە ئوخشاش سەۋىيىسىز كىشىلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاخىرقى كىتابى كاپىرغا چىقىرىش توغرىسىدا خەتەرلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دوكتور پەزلى بولسا شەرئى ئىلىم ـ مەرىپەتتە يېتىشكەن دوكتور ئەمەس، بەلكى ئوپېراتسىيە دوختۇرىدىن ئىبارەت.

تەشكىلاتنىڭ بۇ تۈردىكى ئاڭسىز ئەقىل ئىگىلىرى مەغلۇب بولغان تەجرىبىلەردىن ۋە ئاچچىق ساۋاقلاردىن پايدىلانمايدۇ، ھەر يۇرتتا بىر تۆشۈكتىن قانچە قېتىملاپ چېقىلىشنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، ئىشنى ھەر قېتىم نۆلدىن باشلاپ يۈرىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ نەزەرىيىچىلىرى پىكرى ۋە ئىلمىي جەھەتتىن قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ قالسا ۋە ئەقلىنى تېپىپ قالسا، تەشكىلاتنىڭ كولليكتىپ ئەقلى ئۇلارنى «ئارقىغا چېكىنىۋالغان ئۆلىمالار» دەپ سۆكەتلەيدۇ.

ئاشقۇن ئەبۇ قەتادە مەقدەسى: «تاغۇت (يەنى ھازىرقى مۇستەبىت ھاكىملار)نىڭ خەتىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشقا

بولمايدۇ» دەپ پەتىۋا بەرگەن[1] .

ئۇ يەنە: «تېررورلۇقنى ھۆكۈمەت ئۆلىمالىرى، ئاندىن مۇرجىئە ئۆلىمالىرى يۈرگۈزمەكتە. ئاۋام مۇسۇلمانلار شاتۇتلارغا ئوخشاش سايراپ، خاۋارىج ئەقىدىسى بىلەن تۆھمەت قىلىنىشتىن ئەنسىرەپ بېشىنى قۇمغا تىقىۋالماقتا» دېگەن (ئەبۇ قەتادە «ئىككى مېتود ئارىسىدىكى يول»، 37 ـ بەت).

ئۇ يەنە: «زالىم ھاكىملارنى قورال ئارقىلىق قوللىغان ئەسكەرلەر ياكى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋە شېرىك ئىشلىرىنى قەلىمى بىلەن، تىلى بىلەن قوللىغان پىتنە ئۆلىمالىرى ۋە ئازغۇن ئىماملارنىڭمۇ ھۆكمى تاغۇت ھاكىملارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئۆلىمالار دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدا كىشىلەرنى ئازدۇرۇۋەتكەن، تاغۇتلارغا بەيئەت بەرگەن، ئۇلارغا ياردەم بەرگەن، ئۇلارنىڭ پايدىسىغا دۇئا قىلغان ۋە ھاكىملارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقارغانلارنى توسقان كىشىلەردۇر. تاغۇتلارنى ھىمايە قىلىشتا ئىمام ۋە ئۆلىمالارنىڭ رولى ئەسكەرلەردىن كۈچلۈك بولغان... دېمەك، تاغۇتلارغا بەيئەت بەرگەن، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمى قىلىپ قويغان، ئۇ ھاكىملارغا دۇئا قىلغان، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا تىلەكداش بولغانلار (ئۆلىمالار ياكى ئىماملار) قۇرئاننىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىر ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارغا ئىقتىدا قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئىمام تۇتۇشقا بولمايدۇ» دېگەن[2] .

[1] ئەنسار ژۇرنىلى، 92 ـ سان، 11 ـ بەت
[2] مەقدەسى« زىرار مەسجىدى رىسالىسى»، 42 ـ بەت

د. ئابدۇلكەرىم بەككار بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئاشقۇنلارنىڭ: «قوراللىق جىھادقا چىقماي ئولتۇرۇۋالغانلار جىھاد قىلىۋاتقانلارغا پەتىۋا بەرمەيدۇ» دېگەن سۆزىگە قاراپ باققىن، چۈنكى ئۇلار جىھاد مەسىلىلىرىدە، ئۈممەتنىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە ۋە باشقا چوڭ ئىشلاردا پەتىۋانى جەڭ مەيدانىدىكى مۇجاھىدلاردىن باشقىسىدىن ئېلىشقا بولمايدۇ، ـ دەپ قارايدۇ.

ئاشقۇنلاردىكى بىر تەرەپلىمىلىك قاراش (يەنى ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ قاراش) ئۇلارنى قالايمىقان دەسسەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر كىشى مۇجاھىد بولسىلا رېئاللىقنى چۈشىنىپ كېتىدۇ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى ۋە جىھاد مەيدانىدىكى رايون خاراكتېرلىك مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىلىپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قىممىتىنى، رېئاللىقنى چۈشىنىشنىڭ قىيىنلىقىنى ۋە رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىلگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئاشقۇنلارنىڭ ئىلمىي مەنبەلىرى يوق (يەنى يېتىشكەن ئۆلىمالىرى يوق)، ئۇلارنىڭ ئىلمىي مەنبەلىرى بولسىمۇ ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغان تىۋۋەن سەۋىيىدىكى يېرىم يولدا قېلىپ قالغان بىلەرمەن كىشىلەردىن ئىبارەت. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ ئاشقۇنلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە

تايىنىدۇ، ھالبۇكى، تۆرلۈك رايونلاردىكى ئىشەنچلىك ۋە يېتىشكەن ئۆممەت ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆز يۇمۇۋالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلاردىكى كەڭرى ئاڭ - سەۋىيە ياكى كەڭرى كۆزقاراش يېتىلدۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى، كۆزقاراشلار ۋە دەلىللەر ئارىسىنى سېلىشتۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بىر كىشىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىگە قاراشتىن بەكرەك ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشى ياكى نەپسى خاھىشىغا قوشۇلغان كىشىلەرگە قاتتىق مۇتەئەسسىپلىك قىلىدۇ»[1].

## بەشىنچى، قىزىقارلىق نىشانلار

بۇلار دائىم دېگۈدەك غەربنى ۋەيران قىلىش، غەربنىڭ چوڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۇرۇش، غەربنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىتچىت قىلىشقا ئوخشاش تەھدىتلەرنى داۋراڭ سالىدۇ. ئېنىق دۈشمەنلىرىنى دائىرە ئىچىگە ئالمايدۇ، دۈشمەن تۇتماسلىقتا كېرەكلىك بولغان كىشىلەرنى ئايرىم بىر تەرەپكە ئايرىپ قارىمايدۇ.

شەكسىزكى، بۇ قىلمىش دۈشمىنىمىزگە خىزمەت قىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيانى دۈشمەن تۇتۇش كۈچىمىزنى پارچىلىۋېتىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېنىق خىلاپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ توقۇنۇش سەپلىرى ۋە جەڭ مەيدانلىرىنى ئازايتىشقا ھەرىكەت قىلىدىغان ئىدى. مەسىلەن، ئەھزاب

[1] د. ئابدۇلكەرىم بەككار، ئاشقۇنلۇق ئېڭىنى پارچىلاپ تاشلاش، 22 - بەت

جېڭــدە مەدىنىنىــڭ مېۋىســىنى بېرىــش بەدىلىگــە دۈشــمەنىنىڭ سانىنى ئازايتماقچى بولغان، ھۆدەيبىيە سۈلھىسـدە سۆھەيل ئىبنــى ئەمرنىــڭ ۋاســتىچىلىقىنى قوبــۇل قىلغــان، رىــم ۋە پارســلارنىڭ پادىشــاھلىرىغا ھۆرمــەت ســۆزلىرى بىلــەن خىتــاب قىلغــان، شــۇ زامانىدىكــى خەلقئارانىــڭ تەگپۇگلۇقىغــا رىئايــە قىلغان، ھەبەشلەرنى ئۆزىگــە مايىــل قىلغــان، ئۇلارنى دۈشــمەن تۇتمىغــان.

ئاشــقۇنلارنىڭ نىشــانلىرى ئىرانلىقلارنىــڭ نىشــانىغا ئوخشــاپ كېتىــدۇ، چۈنكــى ئىــران سىياســىتىمۇ ئەمەلــي ئىــش قىلماســتىن ھېسســىياتنى غىدىقلايدىغــان قىزغىــن تەشــۋىقاتلارنى قوللىنىــدۇ. مەســىلەن، ئىســرائىلىيەنى ۋەيــران قىلىۋېتىشــكە تەھدىــت ســېلىش، ئۇنــى خاتىرجــەم ياشــىغىلى قويماســلىق دېگەنگــە ئوخشــاش قــۇرۇق تەشــۋىقاتلاردىن ئىبــارەت.

گەرچــە، ئىــران ۋە بــازا تەشــكىلاتى قۇرۇلغانــدىن تارتىــپ بۈگۈنگــە قــەدەر ئىسرائىل ئەسكەرلىرىدىن ئۆلتۈرگــەن ئادەمنىــڭ ســانى بارمــاق ســانىدىن ئاشــمايدۇ. شــۇنداق تۇرۇقلــۇق، بــازا تەشــكىلاتىنىڭ بــەزى شــەيخلىرى ئىســرائىلىيەگە قارشــىلىق كۆرســىتىۋاتقان ئىســلام قارشــىلىق كۆرســىتىش ھەرىكەتلىرىنــى زاڭلىــق قىلىــدۇ، مەســخىرە قىلىشــىدۇ ۋە ياراتمايــدۇ. ئاشــقۇن تەشــكىلاتلارنىڭ بــۇ ئىســتىلىي قارىشــى، بولۇپمــۇ ئۇلارنىــڭ ئىچىدىكــى ئــازراق شــەرئى ئىلىــم بىلىدىغانلارنىــڭ ئۆزلىرىنــى ئۈســتۈن تۇتۇشــى، بىلەرمەنلىك قىلىشــى، نەســىھەتتىن شــۇملۇق ھېــس قىلىشــى، ئۈســتۈنلۈك ھېــس قىلىشــى ۋە ئــۆز تەشــكىلاتىنى

مۇقەددەس دەپ قاراشلىرى خاتا يول تۇتقانلىقىنىڭ ۋە خاتا تەربىيە بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

دېمەك، بۇ ئىشلار ساداقەتنى قوغداش ۋە تەشكىلاتنىڭ پارچىلىنىپ كەتمەسلىك باھانىسى ئاستىدا خاتا تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئەزالىرىنى قاتماللىق ئۇستىدە چېنىقتۇرۇۋاتقانلىقىنى، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنىڭ دۆتلىشىۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلار ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ۋە ئورتاق ئۇقۇم ھاسىل قىلىش دائىرىسىنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىنى دەلىلىدۇر.

ئاشقۇن ئەبۇ قەتادە بۇ توغرىدا: «بىز باشقىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئارلىقىدا قاندىن قاندىق قورقمايدىغانلىقىمىزنى، بوغۇزلاشنى قانداق پۇختا قىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە قورغانلارغا قانداق بۆسۈپ كىرىدىغانلىقىمىزنى ئۆگىنىمىز. بىز ھاكىم بولىدىغان كىشىلەرگە موھتاج ئەمەس، پات ئارىدا ئۇلار خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئەمرىمىز ئۇلارغا ئىسلامنى تەتبىقلاپ ھاكىم بولىدۇ، كىم بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ بېشىنى كۆتۈرسە، بېشىنى كېسىپ تاشلايمىز. بىز باشقىلارنى ئەدەپلەپ قويۇش ئارقىلىق غەلىبە باسقۇچىغا يەتكەن ۋاقتىمىزدا يوللارنى كىر كىشىلەردىن ۋە مەينەتلەردىن پاكلىغان بولىمىز، ئەدەپلەپ قويۇش ئارقىلىق پىشىپ قالغان باشلارنى كېسىپ تاشلايمىز. شۇڭا بىز نەپسى خاھىشىنىڭ پۇرىقى پۇراپ تۇرىدىغان سەپسەتە مۇنازىرىسىگە موھتاج ئەمەس، شۇنداقلا خۇسۇمەتچىلىرىمىز بىزگە تەبەسسۇم قىلىپ

قويدىغـان سـۆھبەتلەرگە موھتـاج ئەمەسـمىز» دېگـەن [1].

ئاشـقۇن ئەبـۇ بەكـرى ناجـى ۋەھشـىيلەرچە ئىـدارە قىلىـشناملىـق كىتابىـدا: «بىـز رەسـۇلۇللاھ ئۆلـۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ۋەزىيەتكـە ئوخشـاش مۇرتەدلىـك ۋەزىيىتىـدە ياشاۋاتىمىز، شـۇڭا بىـز مۇرتەدلەرنـى قىرىـپ تاشلاشـقا موھتـاج، بىـز بەنـى قۇرەيـزە ۋە ئۇلاردىـن باشـقىلارغا ئېلىـپ بېرىلغانـدەك قىرىـپ تاشـلايدىغان ئىشـلارنى ئېلىـپ بېرىشـقا موھتـاج. ئاللاھ بىزگـە غەلىبـە ئاتـا قىلغانـدا ئادالەتنـى قانـات يايدۇرىمىـز ۋە كىشـىلەرگە: سـىلەرنى ئـازات قىلىۋەتتـۇق، سـىلەر كەتسـەڭلار بولىـدۇ، دەيمىـز» دېگـەن[2].

### *تىراگېدىيەنىڭ تەكرارلىنىشى*

ئاشـقۇنلار ئۆزلىرىنىـڭ تۇتـۇپ ماڭغـان يولىنـى ئۇممەتنـى (مۇسـۇلمانلارنى) ئامانلىـق قىرغىنغا سالامەت ئېلىـپ بارىدىغان بىردىنبىـر يـول دەپ قارايـدۇ، ئۇلارنىـڭ قارىشـىچە، ئۇنىڭدىـن باشـقا يـول ئازغۇنلـۇق ۋادىلىرىـدا ئېزىـپ قېلىشـقا باشـلاپ بارىدىغان يولدىـن ئىبارەت. شـۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بايرىقى ئاسـتىدا جىھـاد قىلمىسـا جىھـاد ھېسـابلانمايدۇ، ئۇلارنىـڭ كونتروللۇقـى ئاسـتىدىكى دىياردىـن باشـقا يەرلـەردە ياخشـىلىق تېپىلمايـدۇ، ئۇلارنىـڭ چۈشەنچىسـىدىن باشـقا چۈشـەنچىلەر سـاغلام بولمايـدۇ.

بـۇ خاتـا پىكىرلەرگـە ئاساسـەن، ئـۇلار بـۇ پىكىرنىـڭ

---

[1] ئىككى مېتود ئارىسىدىكى رىسالە، 66 ـ ماقالە.

[2] ئەبۇ بەكرى ناجى« ۋەھشىيلەرچە ئىدارە قىلىش»، 76 ـ بەت

تراگېدىيەسىنى بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە يۆتكەپ تۇرۇشقا بەل باغلىغان. بۇ سەۋەبتىن «ھىجرەت ۋە كاپىرغا چىقىرىش پىكىر ئېقىمى»نىڭ مىسىردا مۇسۇلمانلارغا قانچىلىك بۆلۈنۈش پەيدا قىلغانلىقى ئۇلارغا كۇپايە قىلمىغان، ئالجىرىيىدە ئازغۇنلۇق پەتىۋالىرىنىڭ قانچىلىك ئىش پەيدا قىلغانلىقى كۇپايە قىلمىغان، بۇ ئازغۇن پەتىۋالار ئاشقۇن ئەبۇ قەتادىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق لوندون شەھىرىدىن تارقىتىلاتتى، بۇ ئازغۇن پەتىۋالارنى بازارغا سېلىش نەتىجىسىدە ئالجىرىيىدە نەچچە مىڭلىغان گۇناھسىز كىشىلەر قۇربان بولۇپ كەتكەن. توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ پىكىرنىڭ سومالىدا قالدۇرۇپ كەتكەن تراگېدىيەلىرى ئاشقۇنلارغا كۇپايە قىلمىغان، سومالىدىكى ئازغۇن پىكىرنىڭ سەۋەبىدىن بۇ بىچارە خەلقنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەققىدىكى بارلىق ئۇرۇنۇشلار مەغلۇب بولغان.

توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ پىكىرنىڭ دائىشنىڭ قولى ئارقىلىق «ئىسلام ھاكىمىيىتى» نامىدا پەيدا قىلغان ئەڭ ناچار ھاكىمىيەت ئۆرنىكى ئاشقۇنلارغا كۇپايە قىلمىغان. دائىش ئازغۇنلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئىسلام ھەرىكىتى، جىھاد ھەرىكىتى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى لايىھەلىرىنىڭ مەغلۇب قىلىنىشى ۋە باشقىلار نەپرەتلىنىدىغان قەبىھ شەكىلدە كۆرسىتىلىشى كۇپايە قىلمىغان. ئاشقۇنلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ زىيانلىرىنى كاپىرلارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بىرلىشىپ پەيدا قىلالمىغان ئىدى.

ئۇممەتنى بالايىمۇسىبەتكە سۆرەپ كىرگەن بۇ ئازغۇن

پىكىرلەر قاچانغىچە مۇقەددەس دەپ قارىلىدۇ؟ بۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ پىكىرنىڭ نەزەرىيىچىلىرى قاچانغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆرىيەت مەيدانلىرىغا كىرىشىگە قىيىنچىلىق يارىتىدۇ؟ بۇ ئاشقۇن پىكىرلەر ئۈممەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، جىھاد قىلىش ۋە پاراۋان ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن رول ئېلىشىقا قاچانغىچە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ؟

ھازىرقى مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈملىرىنىڭ خەلقلەر ئىنتىلىۋاتقان سەۋىيىگە يەتمەيدىغانلىقىدا، بەلكى ئۇ سەۋىيىدىن بەك تۆۋەن پاسسىپ سەۋىيىدە كېتىۋاتقانلىقىدا شەك يوق. بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر كۆپلىگەن ئورۇنلاردا خەلقلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنى جازالاۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئەرەب باھارى ھەرىكىتى مۇسۇلمانلارنى تەبىئىي يولىغا ۋە ئۆزىگە لايىق مۇناسىپ ماقامىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن قوزغالغان بىر ھەرىكەت ئىدى...

شۇڭا بۇ ئاشقۇنلارنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئاق ياكى قارا رەڭدىن باشقا رەڭلەرنى تونۇمايدىغان، ئىمكانىيەتلەرنى بىكار قىلىپ تاشلايدىغان، يارامىلىق كىشىلەرگە ئورۇن بەرمەيدىغان، ئۈممەتنى تۆگىمەس ئۇرۇشقا ۋە ئاخىرلاشماس جېدەل ـ ماجىراغا سۆرەپ كىرىدىغان تار يولى ئۈممەت ئۈچۈن قۇتۇلۇش ۋە ياكى چىقىش يولى بولۇشقا يارىمايدۇ.

# تۆتنچى قسم

# سۇرىيەدىكى سىياسىي ئاشقۇنلۇقنىڭ تەجرىبىسى

## مۇلاھىزە:

*سۇرىيە ئەركىنلىك قوزغىلىڭى باشلىنىشى بىلەن تەڭلا سۇرىيەگە كۆپلىگەن مۇھاجىرلار يېتىپ كەلگەن ۋە ئۆزىگە «جىھادى سەلەپى ھەرىكىتى» دەپ ئىسىم قويىدىغان تەشكىلاتلار كۆپىيىپ كەتكەن. مەسىلەن، «دائىش»، «جەبھەتۇننۇسرە»، «جۇندۇلئەقسا» دېگەندەك.*

*بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزىسى ئافغانىستاندا قۇرۇلغان «بازا تەشكىلاتى»غا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ خىتابىنى تەمسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، جەبھەتۇننۇسرىگە ئوخشاش.*

*ئۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرى بازا تەشكىلاتىنىڭ پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خىتابىغا تەمسىل قىلىدۇ، بىراق ئىسمىدا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلمايدۇ. مەسىلەن، جۇندۇل ئەقساغا ئوخشاش.*

*يەنە بەزى تەشكىلاتلار بازا تەشكىلاتىنىڭ بەزى ئىدىيولوگىيە كۆرسەتمىلىرىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ. لېكىن بۇلار سۇرىيە خەلقى بىلەن ئارىلىشىپ ھەرىكەت قىلىشتىن يىراق تۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس گازارمىسىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى*

*تەشكىلاتى»غا ئوخشاش، بۇ تەشكىلات ھەرقانداق تەشكىلات بولسا ئايرىپ ئولتۇرماستىن ھەممىسى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىر بولۇپ جەڭ قىلىدۇ.*

*بازا تەشكىلاتىغا تەۋە تەشكىلاتلار ئاساسلىق ئۈچ ئېقىمدا نامايان بولىدۇ، قالغانلىرى ئۇنىڭغا پىكرى جەھەتتىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:*

*1 ـ بازا تەشكىلاتىدىن ھالقىپ كەتكەن ئېقىم. بۇ ئېقىمنى دائىش تەمسىل قىلىدۇ. دائىش ئېقىمى كاپىرغا چىقىرىشتا بازا تەشكىلاتىدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇ سەۋەبتىن بازا تەشكىلاتىنىڭ بەزى ئارماقلىرى دائىشتىن قول ئۈزگەن.*

*2 ـ كۆلەڭ تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتنى شىمالدا «جۇندۇل ئەقسا»، جەنۇبتا «مۇسەننا ھەرىكىتى» تەمسىل قىلىدۇ.*

*3 ـ «فەتھى شام» دەپ ئاتالغان جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلات باشقا بىرقانچە تەشكىلات بىلەن بىرلىشىپ «شامنى ئازاد قىلىش ھەيئىتى» دەپ ئاتالغان.*

## بىرىنچى، دائىش تەشكىلاتىنىڭ تەجرىبىسى

بازا تەشكىلاتى سۈرىيەدە 2011 ـ يىلى «ئەبۇ مۇھەممەد جەۋلانى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە «جەبھەتۇننۇسرە» دېگەن تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان. بۇ تەشكىلات ئىراقتىكى دائىش دۆلىتىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. 2013 ـ يىلى بەغدادى ئاۋازلىق باياناتى ئېلان قىلىپ، جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنى ئىراقتىكى ئىسلام دۆلىتى (يەنى

دائىش) بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىسمىنىڭ «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان، بۇ ئارقىلىق «جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن.

بۇ باياناتتىن كېيىن «جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى»نىڭ ئەمىرى بولغان «جەۋلانى» ئاۋازلىق بايانات ئېلان قىلىپ، جەبھە تەشكىلاتىنىڭ «ئەيمەن زەۋاھىرى»غا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە «ئەبۇ بەكرى بەغدادى»نىڭ جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى بىلەن ئىراقتىكى بازا تەشكىلاتىنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى باياناتىنى رەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. جەۋلانى باياناتىدا: «بەغدادى ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلمىغان» دېگەن. ئۇ يەنە: «جەبھەتۇننۇسرە ئىراق دۆلىتىنىڭ بايرىقى بىلەن، ئۇ بايراقنى كۆتۈرگەن ۋە ئۇ بايراق ئۈچۈن قان تۆككەن كىشىلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسەن ئىراق ئىسلام دۆلىتىنىڭ سەپلىرىدە جەڭ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئاندىن كېيىن دائىشنىڭ ھەممە دۆلەتلەرنى، باشقا تەشكىلاتلارنى ۋە جامائەتلەرنى كاپىرغا چىقىرىش سىياسىتى باشلانغان. قايسىبىر تەشكىلات بىرەر دۆلەتكە تەۋە بولغان ياكى بىرەر دۆلەتتىن ياردەم ئالغان تەشكىلات بولۇپ قالسا، ئۇ تەشكىلاتنى مۇرتەد ۋە كاپىر دەپ قارىغان. سۈرىيەنىڭ

ھەلەب، ھاسەكە ۋە رىققە زېمىنلىرىدىكى چېگرا رايونلىرىنى ۋە نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە «ئەركىن سۈرىيە ئارمىيىسى» قوشۇنىغا قاراشلىق قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرگە قارشى ئۇزۇن زامان جەڭ قوزغىغان. ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قارشى قوزغىغان بۇ جەڭلىرى سۈرىيە قوزغىلىڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىرقانچە چوڭ ئەركىن ئارمىيەلەرنى يوقىتىۋەتكەن. ئاندىن يەنە «شام ئىسلام ھۆرلىرى ھەرىكىتى» بىلەن رىققەدە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ 100 دىن كۆپ مۇجاھىدلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. دائىش بۇ توقۇنۇشنى كېڭەيتىپ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان جەبھەتۇننۇسرە بىلەنمۇ قوراللىق تۇتۇشقان ۋە شەھىل ناملىق جەڭدىكى بىر يەردە جەڭدە نۇسرەنى يېڭىۋالغان.

2014 ـ يىلى دائىشنىڭ رەسمىي باياناتچىسى ئەبۇ مۇھەممەد ئەدنانى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ئەبۇ بەكرى بەغدادىنىڭ خەلىپە بولغانلىقىنى، شام ۋە ئىراقتىكى ئىسلام دۆلىتى نامىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ۋە بۇ ئىسمىنىڭ بۇندىن كېيىن پەقەتلا «ئىسلام دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەغدادىغا بەيئەت قىلىشىنىڭ ۋاجىپلىقىنى ۋە بەغدادىنىڭ سۇلتانلىقى يەتكەن بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بۇندىن كېيىن قانۇنسىز بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن...

دائىش تەشكىلاتى قوماندانلارغا سىياسىي سۈيىقەست

قىلىشتەك قەبىھ رەزىل ئىشلارنى ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋەھشىي سىياسىتى دۇنيادا، بولۇپمۇ غەرب دۇنياسىدا ئىسلامفوبىيا (يەنى ئىسلامدىن ئەنسىرەش ياكى قورقۇش) دولقۇنىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، دائىش يەنە بىرقانچە كىشىنى بوغۇزلاپ ۋە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۈرەتكە ئېلىپ تارقاتقان، دۇنياغا بۇ قىلمىشىنى ئىسلام دىنى نامىدىن قىلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلدۇرغان.

### ئالىملار دائىشقا قانداق قاراشتا بولغان؟

بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى دائىشنىڭ سۈرىيە ۋە باشقا يەرلەردىكى قىلمىشلىرىغا قارشى ئىپادە بىلدۈرگەن. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان ھەلەبتىكى «ھەلەب ئۆلىمالار بىرلىكى» 2014 - يىلى دائىشقا قارشى بىرقانچە قېتىم باياناتت ئېلان قىلغان ۋە باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «دائىشلار سۈرىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى بېرەر قېتىممۇ قوللىنىپ باقمىغان ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكلەرنى مەدەنىي پۇقرالارغا قوللانغان. ئۆزلىرىنى پارتلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇجاھىدلارنى ۋە مەدەنىي ئىنسانلارنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مۇجاھىدلارنى كاپىر ۋە مۇرتەد دەپ سۈپەتلىگەن. مەيداندا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇخبىرلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مەدەنىي ئىنسانلارغا ھەرقايسى جەھەتتىن قورقۇنچ سالغان. مەدەنىي ئىنسانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئادەملەر بىلەن قوشۇپ بومباردىمان قىلغان».

ھەلەب ئۆلىمالىرى بۇلارغا قارشى يەنە باياناتىنى ئېلان قىلىپ، باياناتىدا: «بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى بۇلاڭچىلىقتۇر. بۇلاردىن قايسىبىرى مۇجاھىد ياكى مەدەنىي ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى پارتلاتقان بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان گۇناھكار ئاسىي ھېسابلىنىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ بۇ دائىشلارغا ئوخشاش ھەددىدىن ئاشقان ئازغۇنلارغا قارشى تۇرۇشى ۋاجىپتۇر» دېگەن.

ئاندىن سۈرىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام تەشكىلاتى بولغان «سۈرىيە ئىسلام مەجلىسى» 2015 - يىلى ئالتىنچى ئايدا بايانات ئېلان قىلغان. بۇ باياناتتا: «دائىش تەشكىلاتى ئادىتى بويىچە سۈرىيە ھاكىمىيىتىنىڭ بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن مۇجاھىدلارغا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلماقتا. دائىش تەشكىلاتى پىكرى ۋە مېتود ئاشقۇنلۇقىدىن سىرت، سۈرىيە قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجە قازىنىشىنى خالىمايدىغان زالىم ھاكىمىيەت ۋە باشقا كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. سۈرىيەدىكى زالىم ھاكىمىيەت، دائىش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق كۈچلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىۋاتقانلىقى ۋە بۇ كۈچلەرنىڭ بىرقانچە ئورۇنلاردا ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي بولۇپ قالمىدى. سۈرىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئويۇن ئويناپ، ئۆزى باشقۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن بەزى رايونلارنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز دائىشقا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ئەقلى بار ۋە سىياسەتنى چۈشىنىدىغان ئادەملەرگە دائىش

تەشكىلاتىنىڭ ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەرەب باھارى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ياساپ چىقىرىلغانلىقى ئېنىق ھەقىقەتتۇر. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دائىش كۆپلىگەن رايونلاردا سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلماقتا. دائىش يېنىدا تۇرغان زالىم ھاكىمىيەت قوشۇنلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقتا.

بۇنىڭغا ئاساسەن «سۈرىيە ئىسلام مەجلىسى»: «دائىش جىنايەتچىلىرى چېقىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى، ماللىرى ۋە ئابرۇيلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا سۈرىيە قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دائىشقا قارشى قوراللىق جەڭ قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە ئېنىق پەتىۋا بېرىدۇ... كىم بۇ ئازغۇنلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە شەك قىلسا، بۇلار ئۇ پاسىقلارغا ھەممىدىن بۇرۇن يەم بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن.

مانا بۇ سۈرىيەدىكى داڭلىق 100 دىن ئارتۇق ئالىمنى ۋە قىرىقتىن ئارتۇق ھەيئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سۈرىيە ئىسلام مەجلىسى»نىڭ پەتىۋاسىدۇر.

بۇ مەجلىس شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنسانلارنى دائىشنىڭ پىلانلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋاتقان يوشۇرۇن كۈچلەردىن ئاگاھلاندۇرغان.

### *دائىشنىڭ سەلبىي نەتىجىلىرى*

1 – دائىش ئۆز ئىچىدە خەلىپىلىكنى ئېلان قىلىپ،

ئۆزلىرىگە قوشۇلمىغان مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىۋەتكەن ۋە مۇسۇلمانلار بىرلىكىنى بۇلۇۋەتكەن.

2 ـ دائىش سۇرىيەدە قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان رايونلارغا بىسىپ كىرگەن، ئۇ زېمىنلارنى مۇجاھىدلاردىن تارتىۋالغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگەن.

3 ـ سوت ۋە ئامانلىق ئىشلىرىدا زالىملارچە سىياسەت قوللانغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ھىجرەت قىلىشقا ۋە تىرىپىرەن بولۇشقا قىستىغان.

4 ـ بۇزغۇنچىلارغا ۋە خائىنلارغا قارشى تۇرۇش باھانىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پەيدا قىلغان، بۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنى پارچىلىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان.

5 ـ ئەقىدە جېدىلى قوزغاپ چىققان، كاپىرغا چىقىرىش دولقۇنى پەيدا قىلغان ۋە ئاشقۇنلۇق ئىدىيىسىنى تارقاتقان.

5 ـ سۇرىيەدىكى شەرئى مەنبەلەر، ھەيئەتلەر ۋە مەجلىسلەرنىڭ تەسىرىنى بىكار قىلىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ ئورنىغا «جىھادى سەلەپى ھەرىكىتى»نىڭ ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

6 ـ دۇنياغا ئىسلامنى، ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى سەت ۋە قەبىھ شەكىلدە كۆرسەتكەن. ھەقىقىي جىھاد ھەرىكىتىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە

ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرۈۋەتكەن.

7 ـ تاجاۋۇزچى مۇستەملىكىچى كۈچلىرىنىڭ بىرقانچە ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىشقا باھانە ـ سەۋەب يارىتىپ بەرگەن. بىرقانچە يۇرتلاردا پاراكەندىچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان.

## ئىككىنچى، «جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتىنىڭ تەجرىبىسى

«جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتى 2013 ـ يىلى مۇھەممەد يۈسۈپ شامى (ئەبۇ ئابدۇلئەزىز قەتەرى) نىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇستەقىل تەشكىلات سۈپىتىدە قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات دەسلەپتە جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى بىلەن دائىش ئارىسىدا ھېچبىرسىگە تەۋە بولماي بىر تەرەپلىمە تۇرۇپ كەلگەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ ئابدۇلئەزىز قەتەرى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر بۇلاردا پىكرى ياكى ئىستىلىي غەلىتىلىك ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن.

### *بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىدىيە ۋە تەشكىلىي يىلتىزى*

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىدىيە ئاساسلىرى، سىياسىي خىتابلىرى ۋە تەشۋىقات ئۇسۇللىرى «بازا تەشكىلاتى»غا ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق بۇ تەشكىلات ئۆزىنىڭ بازا تەشكىلاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلمايدۇ، چۈنكى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ تەشكىلات دائىش تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان. دائىش تەشكىلاتى

بولسا، بازا تەشكىلاتىنى توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن دەپ قارايتتى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىلىكىگە تەۋە بولۇش ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى بىكار قىلىپ تاشلاش كېرەك دەپ قارايدىغان ئىدى.

«جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتى ئۆزلىرىنىڭ دەۋەت مەركەز-لىرىدە «سەلەپى جىھادى پىكرى»نى تارقىتىدىغان بولۇپ، ئىئوردانىيەلىك ئەبۇ مۇھەممەد مەقدەسىنىڭ «مىللەتى ئىبراھىم» ۋە «دېموكراتىيە دىنىدۇر» دېگەن كىتابلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ۋە ئەبۇ قەتادە پەلەستىنىنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىشقا مەركەزلەشتۈرگەن. بۇ تەشكىلات ئۇ پىكىرلەرنى مەسچىت ئىماملىرىغا تېڭىشقا ئۇرۇنغان ۋە يەرلىك ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان.

بۇ تەشكىلاتنىڭ دەسلەپكى رەئىسى ئەبۇ ئابدۇلئەزىز قەتەرى ئىبنىقسىز بىر شارائىتتا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر سۈرىيە ئىنقىلابچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بەرمىگەن، بۇ تەشكىلات رەئىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دەسلەپكى مۇستەقىل ھالدا بىر تەرەپلىمە تۇرۇش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى خىل يۆنىلىش ئىچىدە ھەرىكەت قىلغان.

بىرىنچى يۆنىلىشتە دائىش بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، بۇ سەۋەبتىن، دائىشنىڭ سۈرىيە خەلقى ۋە مۇجاھىدلىرى ھەققىدىكى جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىمىگەن، بەلكى دائىش بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان ۋە دائىشنى قوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئۇلار بۇ قەدەمدە دائىشىنىڭ ئادەملىرىنى رىققە شەھىرىگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ۋە سۇيىقەست قىلىدىغان ياللانما ئەسكەرلىرىنى ھىمايە ئاستىغا ئالغان. بۇ ئىپقىمدىكىلەر ئاساسەن دىگۈدەك دائىش تەرەپكە بەكرەك مايىل بولغان.

ئىككىنچى يۆنىلىشتە «جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى» بىلەن ئىتتىپاقلاشقان، بۇ تەشكىلات جەبھەتۇننۇسرە بىلەن بىرلىشىپ سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋە بىرقانچە ھەرىكەتلەرنى يوقىتىشتا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان. بۇ ئىپقىمدىكىلەر سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرىغا چەتئەل دۆلەتلىرىنىڭ قورال ـ ياراغ ياردىمىنى ئالىدىغانلار ۋە ئامېرىكىنىڭ پىلانى بويىچە ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدىغانلار دىگەن باھانە بىلەن ھۇجۇم قىلغان.

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئوغلى ھۇزەيفە ئەززامنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، بۇ تەشكىلات ئۆزلىرىگە تەۋە سوت مەھكىمىسىدىن سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنى مۇرتەد، شۇڭا ئۇلارنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ دەپ پەتىۋا چىقارغۇزغان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەركىن ئازادلىق سۈرىيە ئارمىيىسىگە كۆپ زىيان سالغان.

«جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتى سۈرىيەدىكى شەرئى مەھكىمىگە تەۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەركەزلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنى «ۋەتەن بىرلىك تەشكىلاتى»غا تەۋە دىگەن باھانە ئاستىدا ئۇلارنىڭ ماشىنا ۋە باشقا ئۈسكۈنىلىرىنى

مۇسادىرە قىلغان، شەرئى مەھكىمىنىڭ ئەزالىرىنى ئەسىرگە ئالغان، شۇنداقلا نەچچە يۈز قوزغىلاڭچىلارنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

«جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتى 2016 ـ يىلى سۈرىيە ئەركىن ئارمىيە قوشۇنىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ۋە ئۇلاردىن مەغلۇپ بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇلار جەبھەتۇننۇسرە (فەتھى شام)غا بەيئەت بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە بەيئىتى قوبۇل قىلىنغان.

«جۇندۇل ئەقسا» تەشكىلاتى جەبھەتۇننۇسرە (فەتھى شام) تەشكىلاتىغا بەيئەت بەرگەن بولسىمۇ، بىراق «جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى» ئۇلارنىڭ سۈرىيە قوزغىلاڭچىلارنى سۈيىقەست قىلىشتەك رەزىل قىلمىشلىرىنى تولۇق كونترول قىلالمىغان، بۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنى ئىدلىب شەھىرىدىن قوغلىۋەتكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى توپلىشىپ دائىشقا يېڭىدىن بەيئەت قىلغان، «فەتھى شام تەشكىلاتى» غا تەۋە بەزى مەھكىمىلەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋە مەھكىمىنىڭ ئەزالىرىنى ئەسىرگە ئالغان. شۇنداقلا ئەركىن سۈرىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر بۆلەك مۇجاھىدلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇلاردىن 200 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى ئۆلۈم جازاسى سۈپىتىدە قىرىپ تاشلىغان. ئۇندىن كېيىن، بۇلار بىلەن «فەتھى شام تەشكىلاتى» ئارىسىدا قوزغالغان توقۇنۇش نەتىجىسىدە «جۇندۇل ئەقسا تەشكىلاتى» پارچىلىنىپ تۈگەشكەن ۋە قېلىپ قالغان ئەگەشكۈچىلىرى دائىش رايونىغا چىقىپ كەتكەن.

## ئۈچىنچى، جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ تەجرىبىسى

«جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى» سۈرىيە زېمىنىدا 2011 ـ يىلى پەيدا بولۇشقا باشلىغان، بۇ تەشكىلاتنى ئەبۇ مۇھەممەد جەۋلانى دېگەن كىشى قۇرۇپ چىققان، بۇ كىشى بۇرۇن ئىراقتىكى دائىش تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان ۋە بەغدادىنىڭ قوماندانى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

### *جەبھەنىڭ نۇسرەنىڭ ئىدىيە ئاساسلىرى*

«جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى» نىڭ ئىدىيەسى «بازا تەشكىلاتى» نىڭ ئىدىيىسىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. بۇلار پىكرى، تەشۋىقات ۋە سىياسىي خىتابلىرىدا بازا تەشكىلاتىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ، پىكرى ۋە تەشكىلىي تۈزۈم جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ بازا تەشكىلاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېلان قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇ تەشكىلات ئۆزىگە «شامدىكى بازا تەشكىلاتى» دەپ ئىسىم قويغان ۋە ئۇلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن. جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى «مىللەتنى ئىبراھىم» ۋە «دېموكراتىيە دىندۇر» ناملىق كىتابنىڭ ساھىبى ئاشقۇن «مەقدەسى» ۋە «ئىككى مېتود ئارىسىدا» ناملىق كىتابنىڭ ساھىبى «ئەبۇ قەتادە پەلەستىنى»غا ئوخشاش «سەلەپى جىھادى ھەرىكىتى»نىڭ نەزەرىيىچىلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى ۋە پەتىۋالىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بېشىدا بازا تەشكىلاتىنىڭ نەزەرىيەچىسى ۋە داھىيسى ئەيمەن زەۋاھىرى تۇرىدۇ.

### جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىدىكى ئۆزگىرىشلەر

بىرىنچى باسقۇچ، خەلق قوزغىلىڭى سىپىدە تۇرغان:

«جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى» بىرىنچى باسقۇچتا بەغدادى خەلىپىلىكىنى ئېلان قىلغانغا قەدەر سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ جەڭ قىلغان، ئۇلارنىڭ نىشانى بويىچە ھەرىكەت قىلغان، ئۇلار بىلەن قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلمىغان ۋە ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىش دولقۇنى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان دەۋر ئىدى.

ئىككىنچى باسقۇچ، تۇراقسىزلىق ۋە ئادەم تالىشىش

بەغدادى خەلىپىلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى «جەۋلانى» دائىشنىڭ ئەمرى ئەبۇ بەكرى بەغدادىغا بەيئەت قىلمىغان. بۇ مەزگىلدە جەبھەتۇننۇسرەنىڭ يېرىم ئەزالىرى بەغدادىغا قوشۇلۇپ كەتكەن، قالغان ئەزالىرى بەغدادىغا قوشۇلۇشنى رەت قىلغان ياكى ئىككىلىنىپ قالغان.

بۇ باسقۇچتا سۈرىيەگە چەتئەلدىن كەلگەن جەڭچىلەر بەغدادىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ كاپىرغا چىقىرىش خىتابىنى تۇتۇپ ماڭغان. يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر بىر تەرەپلىمە مەيداندا تۇرغان.

ئۈچىنچى باسقۇچ، مۇتىدىل جەھەتتىكى قاتماللىق:

جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى مۇتىدىل جەھەتتىن قېتىۋالغان. جەبھەتۇننۇسرەنىڭ قۇرغۇچىسى جەۋلانى ئۆزىنىڭ شام زېمىنىدا

ئايرىم بىر بەگلىك تىكلەپ، شەرىئەتنى تەتبىقلىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەرئى ھەيئەتلىرىدىن چىقىپ كەتكەن، ھەلەب ۋە ئىدلىبتا ئۆزىگە ئايرىم قازىخانا قۇرۇپ چىققان.

بۇ باسقۇچنىڭ خاراكتېرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بۇ باسقۇچتا، جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا رادىكال ئېقىم، ئوتتۇرىھال يول تۇتقان ئېقىم ۋە مۇھاپىزىكار يول تۇتقان ئېقىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغان.

2 ـ جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى زالىم ھۆكۈمراندىن ئازاد بولغان رايونلاردا ئۆزىنى باشقا تەشكىلاتلارغا ۋالىي ۋە ساقچى سۈپىتىدە مەجبۇرىي تېڭىشقا باشلىغان.

3 ـ بىرقانچە قوزغىلاڭ تەشكىلاتلىرىغا قارشى قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلغان ۋە ئۇ تەشكىلاتلارنى بىكار قىلىپ تاشلىغان.

4 ـ سوت ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالغان ۋە ھەربىي قارارلارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان.

5 ـ ھەلەب ۋە ئىدلىبتىكى خەلقلەر جەبھەتۇننۇسرەنىڭ سوت ۋە ئامانلىقنى قوغداشتىكى ئاشقۇن سىياسەتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى نامايىش قوزغىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى ئىدلىب زېمىنىدىن قوغلانغان.

***جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتىنىڭ ئېقىملىرى***

**بىرىنچى، ئاشقۇن ئېقىم**

بۇ ئېقىم دائىشقا مايىل بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار دائىشنىڭ ئەزالىرىنى قوللايدۇ، ھىمايە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پارتلىتىش ۋە سۇيىقەست قىلىش دېگەندەك خاتا ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ئېقىم ئەركىن سۇرىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، باشقا تەشكىلاتلار ئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشقا قارشى تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى، مۇھاپىزىكار ئېقىم**

مۇھاپىزىكار دېگەن ئېقىم «بازا تەشكىلاتى»نىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىدىغانلارنى تەمسىل قىلىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ خاراكتېرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بۇ ئېقىم دائىشقا قارشى بەزىدە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، بەزىدە خۇشامەت قىلىدۇ، بەزىدە يېقىنلىشىدۇ. دائىشقا قارشى ئېنىق مەيداندا تۇرمايدۇ.

2 ـ بۇ ئېقىم دائىشقا مايىل ئەزالاردىن ھېساب ئالمايدۇ.

3 ـ سىياسىي مەيدانلاردا بازا تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەيمەن زەۋاھىرىنىڭ سىياسىتىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ.

4 ـ سۇرىيەدىكى ئازاد بولغان رايونلاردا سوت ئورگىنى قۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلام بەگلىكى قۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىدا دائىشقا ماسلىشىپ بېرىدۇ.

5 ـ ئەركىن سۈرىيە ئارمىيىسىگە ۋە باشقا سىياسىي تەشكىلاتلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ، سۈرىيە ۋەتەن بىرلىك مەجلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان ھەربىي مەجلىسلەرنى غەربنىڭ قولى دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا ۋەتەن بىرلىك مەجلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان ھەربىي تەشكىلاتلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ.

6 ـ بۇ ئېقىم سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنى يوقىتىش ھەققىدە ھەربىي بۇيرۇق چىقارغان، بۇزغۇنچىلارغا قارشى تۇرۇش ۋە غەربنىڭ پىلانىغا تاقابىل تۇرۇش باھانىسىدا بىرقانچە تەشكىلاتلارنى يوقىتىۋەتكەن. شۇنداقلا رىياد ۋە باشقا يەرلەردە سىياسىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەيئەتلەرنى خائىنلىق بىلەن تۆھمەت قىلغان.

### ئۈچىنچى، تۇراقسىز ئېقىم

بۇ ئېقىم مەنپەئەتكە قارىتا يول تۇتىدۇ ۋە پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ خاراكتېرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بۇ ئېقىم سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ئەركىن سۈرىيە ئارمىيىسىنى كاپىرغا چىقىرىۋەتمەيدۇ، زالىم ھۆكۈمرانغا قارشى تۇرۇشتا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ.

2 ـ بۇ ئېقىم دائىشقا ئېنىق قارشى مەيداندا تۇرىدۇ.

3 ـ بۇ ئېقىمنىڭ ئاقساقاللىرى خاۋارىجلارنىڭ شۈبھىلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

4 ـ بۇ ئېقىم زالىم ھۆكۈمران ۋە دائىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە ئەسكەر توپلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا جەبھە سىپىدىكى ئاشقۇنلارنى قوغلىشىتىش ھەققىدە جەبھەنىڭ يېتەكچىلىرىگە بېسىم قىلغان، نەتىجىدە بۇلار جەۋلانى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان.

### جەبھەتۇننۇسرەنىڭ بازا تەشكىلاتى بىلەن تەشكىلىي جەھەتتىكى ئالاقىسىنى ئۈزۈشى ۋە فەتھى شام تەشكىلاتىنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچى

«جەبھەتۇننۇسرە تەشكىلاتى» ئىچكى بېسىم ۋە خەلقنىڭ ئېتىرازلىرى سەۋەبىدىن «بازا تەشكىلاتى»دىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى، ھېچبىر تەشكىلاتقا تەۋە ئەمەسلىكىنى ۋە بۇنىدىن كېيىنكى ئىسمىنىڭ «فەتھى شام» ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بىراق بۇ ھالەت ئۇزۇن داۋاملاشمىغان، چۈنكى بۇلار باشقا تەشكىلاتلارنى بويسۇندۇرۇش، بەزىلىرىنى چەتكە قېقىش، بەزىلىرىنى پارچىلىۋېتىش ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلىۋېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا ھەلەب شەھىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىدىن كېتىشىگە سەۋەب بولغان.

تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى ۋە پارچىلىنىش ھالىتىنى ئاياغلاشتۇرۇشى ئۈچۈن قوزغالغان خەلق نامايىشىدىن كېيىن بىرقانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشلار ئېلىپ بېرىلغان. بىراق، بۇ ئۇچرىشىشلار تەلەپ قىلىنغان سەۋىيىدە بولمىغان، چۈنكى «ئەركىن ئارمىيە ھەرىكىتى» بىلەن

«فەتھى شام ھەرىكىتى» ئارىسىدا ئادەم تالىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەتھى شام تەشكىلاتى ئىسمىنى «شام ئازادلىق ھەرىكىتى» گە يۆتكىگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە بىرقانچە تەشكىلاتنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. بىراق بۇ ھەرىكەت بۇرۇنقىدەك باشقا تەشكىلاتلارنى سوقىدىغان، ئۇلارنى ئىگەللىۋالىدىغان ۋە چەتكە قاقىدىغان ئىشلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ تەشكىلات يەنە ئەركىن ئارمىيە ھەرىكىتى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىمكانىيەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەمكارلىق ئورناتقان بىرقانچە تەشكىلاتلار بۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇلار يەنىلا بۇرۇنقى ئىدىيىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋەرگەن ۋە خەلق تەرىپىدىن يامان كۆرۈلگەن. 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىچىدىكى سۈركىلىش نەتىجىسىدە بىرقانچىلىغان مەسئۇللىرى سۈيىقەستكە ئۇچرىغان.

### خۇلاسە

سىياسىي ئاشقۇنلۇقتا ئىگە تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى پىكرى، سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەشكىلاتلاردىن ئىبارەت. بۇلار ئافغانىستان، سومال، ئىراق ۋە باشقا جايلاردىكى بۇرۇنقى تەجرىبىسىگە ئاساسەن نەگىلا بارسا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدىغان ۋە

ۋەھشىيلىك پەيدا قىلىش ھالىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان تەشكىلاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ يولى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئىسلام قورۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسىگە، خۇسۇسەن قىلىپ ئېيتقاندا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە دائىملىق قانسىرىتىش ھالىتىنى پەيدا قىلماقتا.

دېمەك، بۇ تەشكىلاتلارغا يەككە شەكىلدە پىكرى جەھەتتىن قىسمەن تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى ياكى خىجىلچانلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا ئاشقۇنلۇققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىھاللىق خاراكتېرىگە ئىگە سىستېمىلىق پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشقا چارە پايدا قىلمايدۇ.

تەشكىلىي خاراكتېرلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاشقۇنلۇق پىلانىنى پەقەتلا تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوتتۇرىھاللىق پىلانىدىن باشقىسى بىكار قىلىپ تاشلىيالمايدۇ.

### نەتىجە

كۆزىتىش نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، سىياسىي ئاشقۇنلۇققا ئىگە تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب باھارى ھەرىكەتلىرىنى قوللىمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار سۈرىيە ۋە باشقا ئورۇنلاردا بولسۇن ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە قانۇن دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشقا قارشى تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بولسا بەلگىلىرى ئېنىق بولمىغان، سىياسىي يۆنىلىشى قائىدىلەشتۈرۈلمىگەن ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ،

ئۇلار دولقۇنلۇق دېڭىزغا پالاق سېلىپ ئۈزدۇ، سەپىرىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ئۈممەتنىڭ بىر بۆلىكىنى قۇربان قىلىپ، ئېنىق بولمىغان پىلانى ئۈچۈن كېمىدىن تاشلىۋېتىدۇ.

د. ئابدۇلكەرىم بەككار بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب باھارى ھەرىكىتى ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە ئىززەت - شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈش، زۇلۇم، بۇزغۇنچىلىق ۋە مۇستەبىتلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ئىدى. ئاشقۇنلار بۇ ھەرىكەتنىڭ يولىغا ئارىلىشىۋېلىپ، پىلان ۋە چۈشەنچىلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي سىياسىي نىشانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن كېلىشتى. ئۇلارنىڭ نىشانلىرى ھەربىر يۇرت خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى زالىم ھۆكۈمدارلاردىن ئازاد قىلىش پىلانلىرىدىن يىراق تۇردۇ.

بەزى ئاشقۇنلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانلاردىن بەكرەك قوزغىلاڭچىلار ۋە مۇجاھىدلارغا زىيان سالدى، بەلكى تېخى بەزى ئاشقۇنلار مۇجاھىدلارغا مۇرتەدلىك ۋە كاپىرلىق تۆھمەتلىرى بىلەن تۆھمەت قىلىشتى، ئۇلارنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرىنى ھالال ساناشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ۋەتەننى مۇستەبىت زالىملاردىن ئازاد قىلىش پىلانلىرى مەغلۇپ بولدى ۋە جىھاد ئۇقۇمى سەتلەشتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاشقۇنلار سۈرىيەدە جىنايەتچى ھۆكۈمران بىلەن ھەمكارلاشتى ۋە ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشىپ بەردى»[1] .

[1] د. ئابدۇلكەرىم بەككار «ئاشقۇنلۇق ئۇقۇمىنى پارچىلاپ تاشلاش» 6 - بەت.

## سىياسىي ئاشقۇنلۇققا ئىگە تەشكىلاتلاردىكى كۈچ – قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىق ئامىللىرى

### بىرىنچى، كۈچ - قۇۋۋەت ئامىللىرى

1 ـ قوزغىلاڭچىلاردىكى ئىككىلىنىش ۋە ئەنسىرەش ھالىتى، چۈنكى ئۇلار سىياسىي ئاشقۇنلۇققا ئىگە تەشكىلاتلارغا قوراللىق قارشى تۇرۇشنى قارار قىلغاندا، ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ ھېس قىلىدۇ. ئەركىن ئارمىيە قوزغىلاڭچىلىرى ئەسلىدە ئىسلام تەشكىلاتلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زالىم ھۆكۈمرانغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوزغالغان ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئامال بار ئۇلارغا قورال تەڭلىمەيدۇ.

2 ـ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ دىكتاتورلۇقى، خەلقلەرگە زۇلۇم قىلىشى ۋە بوزەك قىلىشى ئاشقۇنلۇققا ئىگە ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئاشقۇن تەشكىلاتلار ئىنتىقام ئالماقچى بولغان، يۈزدەيۈز دۈشمەن كۆرۈش ۋە ئومۇميۈزلۈك ئۆلتۈرۈپ تاشلاش پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ياشلارنى ئىزدەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇ ياشلار ۋەتەنپەرۋەر خەلق قوزغىلاڭ پىلانلىرى بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ پىلاننى دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى سۇسلاشتۇرغانلىق، ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىن ۋە پىلانىدىن ۋاز كەچكەنلىك دەپ قارايدۇ.

3 ـ ئاشقۇن تەشكىلاتلار قارشى پىكىردىكى مۇسۇلمانلارغا مۇرتەدلىك ۋە كاپىرلىق تامغىسىنى باسىدىغان ئالدىن تەييارلاپ

قويۇلغان پەتىۋالارغا ئىگە. ئۇ تامغىنى باسقاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشقان ياكى ئەلمانىزم يولىنى تۇتقان ياكى دېموكراتىيە پىلانىنى تۇتۇپ ماڭغان دەپ تۆھمەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە قوشۇلمىغان مۇسۇلمانلارنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان پەتىۋالار تېپىلىپ تۇرىدۇ.

4 ـ بۇ ئاشقۇن تەشكىلاتلار قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئىككىلىنىپ قالمايدىغان ياش يىگىتلەرنى نىشان قىلىپ ماڭىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاق ياكى قارا دەيدىغان ئىككىلا رەڭنى كاللىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئۇلاردىكى جۇشقۇن دىنىي ھېسسىياتتىن پايدىلىنىپ خۇسۇمەتچىسىگە ـكىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەرـ زەربە بېرىشنى پىلانلايدۇ.

5 ـ خەلقئارا جەمئىيەت سىرتقى كۆرۈنۈشتە تېرورىزمغا قارشى تۇرىۋاتقاندەك قىلىۋاتقان بىلەن، ئىچكى جەھەتتىن ئۇنىڭغا مەبلەغ سالىدۇ. ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىگە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان پىلان بولمىسا كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىياستى مۇسۇلمان ياشلارنى ئامېرىكا تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىۋاتقان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قىستايدۇ، نەتىجىدە ئاشقۇن ئېقىملاردا ياشلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلىك تەبىقىسى ۋە ئادەم مەنبەلىرى كۆپ تېپىلىپ تۇرىدۇ.

ئامېرىكا گەرچە ئۆزىنى تېرورىزمغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ دەپ دەۋا قىلسىمۇ، بىراق ئامېرىكىنىڭ ئەرەب ھاكىمىيەتلىرىدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنى ھاكىمىيەت

بىشىغا يۈلەپ چىقىرىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش باھانىسىدا يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەملىكە قىلىش سىياسىتى ئاشقۇنلۇقنىڭ يامراپ كېتىشىگە ئىنىق ھەسسە قوشقان.

6 ـ ئامېرىكىنىڭ ساددام ھاكىمىيىتىنى تېررورلۇق ۋە بازا تەشكىلاتىغا باغلاپ يىقىتىشى، ھەربىي ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئىراقنى مۇستەملىكە ئاستىغا ئېلىۋېلىشى ۋە ئىراقنى ئىراننىڭ غالچىلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇش سىياسىتى سىياسىي ئاشقۇنلۇققا سەۋەب بولغان. ئاشقۇن بەغدادى ۋە زەرقاۋى جامائەتلىرى ئىراقتىكى گۇرۇھۋازلىق ۋەزىيىتىدىن، ئەھلى سۈننىلەرنىڭ چەتكە قېقىلىشى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ۋە شىئەلەر تۈرمىلىرىدە ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كۆپ پايدىلىنىپ كەتكەن.

بۇ سىياسەتلەر بىۋاسىتە ئاشقۇنلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆچلەندۈرگەن ۋە بۈگۈنكى دۇنيا ئۇرۇش نەزەرىيىسىنى جانلاندۇرۇپ بەرگەن. غەربنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە شوئارلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان ساختا شوئارلاردىن ئىبارەت.

***ئىككىنچى، ئاشقۇنلاردىكى ئاجىزلىق ئامىللىرى***

**1 ـ پىكرى جەھەتتىن:**

سىياسىي ئاشقۇنلارنىڭ پىكرى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسى ھەرقايسى جەھەتتىن بەك ئاجىز. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قارىتا دەلىل ـ پاكىتلىرى ۋە ياكى ئىلمىي تەتقىقاتلىرى تېپىلمايدۇ. بەلكى ئۇلارغا قوشۇلمىغانلارنى

كاپىرلىق ۋە مۇرتەدلىك بىلەن تۆھمەت قىلىدىغان تەييار پەتىۋالىرى بار. ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرى كەڭرى تارقالغان بىلەن، بىراق ئۇلار يېتىشكەن ئالىملاردىن خالىي، شۇنداقلا تولۇق ھايات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن خالىي.

ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيىچىلىرى بار بولغان بىلەن، ئۇ نەزەرىيىچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سولچىلىقتىن ئىبلىنغان نەزەرىيىلەردىن ئىبارەت، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇ سولچىلىق نەزەرىيىلىرىگە ئىسلام كىيىمىنى كىيدۈرۈۋالغان. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرى ئىراقتىكى «سىمۋول خاراكتېرلىك ئۇرۇش» ۋە «ۋەھشىيلەرچە ئىدارە قىلىش» قا ئوخشاش سولچىلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئىبلىنغان.

2 ـ ئىجتىمائىي جەھەتتىن:

سىياسىي ئاشقۇنلۇق ئېقىملىرى ئەھلى سۈننى مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى كەڭ قورساق يول تۇتقان، مەدرىسەلەر ئارا بىر ـ بىرىگە ئوچۇق بولغان ۋە ئوتتۇرىھال يول تۇتۇپ ماڭغان بىر مۇھىتتا پەيدا بولغان غەلىتە ئېقىمدىن ئىبارەت. بۇ سەۋەبتىن ئاشقۇن ئېقىملار ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە يىلتىز تارتالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئاشقۇن ئېقىملار خەلىپە دېگەن ئىسمنى قوللىنىپ، خىيالىي ۋەدىلەرنى بېرىدىغان ۋە پارتىزانلىق چېگرىلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدىغان مۇبارەك غازاتلارنى باھانە قىلىدىغان شەكلىي تەشۋىقاتلار ۋە ھەربىي ساھەلەرگە تايىنىدۇ.

بۇ ئاشقۇن تەشكىلاتلار ئىجتىمائىي مۇھىتقا سىڭىپ كىرىشتە

تېز سۈرئەتتە مەغلۇب بولغان. بۇ سەۋەبتىن، مۇستەبىتلىك ۋە باشقىلارنى چەتكە قېقىش سىياسىتىنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلىرىنى كۈچ ئارقىلىق مەجبۇرىي تېڭىشقا ئۇرۇنۇشى ئۆزگە قوشۇلمىغان مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش ھالىتىنى پەيدا قىلغان ۋە سۈرىيەدىكى خەلقلەرنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى تار مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئېلىپ بارغان. بۇ سەۋەبتىن، ئاشقۇن ئېقىملار مەكتەپ ياكى مەسچىت ياكى ئۇنىۋېرسىتېت ياكى دوختۇرخانا ياكى ياخشىلىق قىلىش جەمئىيەتلىرى ۋە ياكى مەدەنىي ئىدارە قۇرۇپ چىقمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ ۋە بار بولغان ئورگانلارنى ئۆزلىرى ئىگىلىۋالىدۇ ۋە لاياقەتلىك ئادەملىرى يوق تۇرۇقلۇق، بۇ ئورگانلارنى ئۆز سىياسىتىگە ئەگەشتۈرۈۋالىدۇ.

# خاتىمە

## سىياسىي ئاشقۇنلۇقنى ئازايتىش چارىلىرى

سىياسىي ئاشقۇنلۇق خاراكتېرىگە ئىگە تەشكىلاتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن پىكرى، سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن تەڭ قەدەمدە بىردەك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پىكرى يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈش لازىم بولىدۇ، چۈنكى ئاشقۇنلارنىڭ پىكرىگە پىكىر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى ئېچىپ تاشلاش ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ياشلارنى خىيالغا سېلىپ، ئۇ ياشلارنىڭ كۈچلىرىنى ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەللەرگە سېلىپ قويۇش ئارقىلىق كۆيدۈرۈۋېتىشكە سەۋەب بولۇۋاتقان ئازغۇن پىكىرلىرى ھەققىدىكى ھەقىقەتنى ئېچىپ تاشلاش لازىم.

## بىرىنچى، پىكرى جەھەتتىن

1 ـ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىۋاتقان خەلقلەرگە دىنىمىزنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەقىدە ۋە پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى تەقدىم قىلىپ بېرىش لازىم. كىشىلەرنى ماددا بىلەن روھنى بىرلەشتۈرىدىغان، دۇنيا مەنىپەئەتى بىلەن ئاخىرەت ياخشىلىقىغا رىئايە قىلىدىغان

ئىسلام بۇلىقىدىن ئېلىنغان بىرلەشتۈرگۈچى پىكرىي لايىھەدىن مەھرۇم قىلماسلىق لازىم. شۇنداق بولغاندا، مۇسۇلمان كىشى دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن تۇرمۇشىنىڭ شارائىتلىرى ئارىسىدا يول تاپالماي ھەيران بولۇپ قالمايدۇ.

2 ـ ئىسلام كىملىكى ۋە ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەن لايىھەسىنى يېزىپ چىقىش ۋە بۇ لايىھەنى جەمئىيەتنىڭ مۇقىم كۈلتۈرى (مەدەنىيىتى) گە ئايلاندۇرۇش لازىم، چۈنكى دۆلەتلەر بۇ دەۋردە بەزىدە مۇقىم تۇرىدىغان، بەزىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كېلىشىم خاراكتېرىدىكى سىياسىي ئاساسلار ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كېلىشىملەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە دەلىللەشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. مۇسۇلمان ئىسلام يۇرتىدا ياشاپ تۇرۇقلۇق، ئۆز يۇرتىدا دىنىنىڭ شوئارلىرى خارلانسا ياكى دىنى ئومۇمىي ھايات يولىدىن چەتكە قېقىلسا ياكى دىنىنىڭ رولى پەقەتلا مەسچىت بىلەن چەكلىنىپ قالسا توغرا بولمايدۇ.

3 ـ مۇستەبىتلىك، زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىگە قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئارقىسىغا تويلىنىش، قارشىلىشىش روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە توقۇنۇشنى ئاشقۇنلارغا تاشلاپ بەرمەسلىك لازىم، چۈنكى ئاشقۇنلار قوزغىلاڭلاردىن ئۆز ئۇسۇلى بويىچە پايدىلىنىپ كېتىدۇ، خەلقلەرنىڭ زۇلۇم ۋە خورلۇققا ئۇچرىغان

شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ خاتا پىكىرلىرىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ، شۇڭا توقۇنۇش قوماندانلىق رولىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئاشقۇنلارنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاش لازىم. مۇستەبىتلىككە باغىي كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئادىل كىشىلەر قارشى تۇرۇش لازىم، شۇنداق بولغاندا ئۆچمەنلىك شەخسىي ئىنتىقامغا ئايلىنىپ قالماستىن، جەمئىيەتكە پايدىلىق سىياسىي ئەركىنلىككە ئايلىنىدۇ.

4 ـ ئاشقۇنلۇق خىتابىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇنىڭ پىكرى ئاساسلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرىھاللىققا ئىگە پىكرنى جانلاندۇرۇش لازىم. شۇنداقلا مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇپ ماڭالايدىغان، تارماق مەسىلىلەردىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان، فىقھى ۋە ئەقىدە كىتابلىرىدىكى دەلىلسىز كاپىرغا چىقىرىدىغان ۋە ئاشقۇنلۇققا سەۋەب بولىدىغان قاراشلارنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئوتتۇرىھاللىققا ئىگە ئېقىم شەكىللەندۈرۈش لازىم.

5 ـ يېتىشكەن ئالىملار بىلەن ئاشقۇنلارنىڭ نەزەرىيەچىلىرى ۋە يازغۇچىلىرى ئارىسىدا ئىلمىي ۋە پىكرى مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

د. ئابدۇلكەرىم بەككار بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلمىي سۆھبەت توختاپ قالغاندا زوراۋانلىق باشلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي سۆھبەتنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇشى زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئامانلىق ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، ئىلمىي مۇنازىرە

ئۆتكۈزۈش ئۇتتۇرىھاللىق پىكرىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئوتتۇرىھال يۆنىلىشنى قارشى ئالىدىغان مۇھىتنىڭ بەلگىلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ. بىز ھەممە ئىشلىرىمىزدا جەمئىيەت سۆھبەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورگانلارغا موھتاج. بۇ ئورگانلار ئاشقۇنلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقان ياشلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، چۈنكى ئاشقۇنلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، سۆھبەتلەرنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قۇرئاندا ئىبلىس، كاپىرلار ۋە ئەڭ چوڭ جىنايەتچىلەرنىڭمۇ كۆزقاراشلىرىنى ئەركىن ئىپادىلىشى ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە سورۇن بېرىلگەن. بۇنىڭغا كۆرە، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى كۈلتۈر (مەدەنىيىتىمىز)نىڭ بىر قىسمى ۋە ھاياتىمىزنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارىشىمىز لازىم. بۇ كۈلتۈرنى دەسلەپتە ئائىلىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ئائىلە دەسلەپتە يا نازۇك ئۇرۇقنى يېتىشتۈرىدۇ ياكى زوراۋان ئۇرۇقنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ» [1].

6 ـ بازا تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، ئۇنى ئىلمىي، سىياسىي، پىكرى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئىلمىي تەنقىد قىلىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم. ئۇلارنىڭ ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىغا كەلتۈرگەن قورقۇنچلۇق خاتالىقلىرىنى ئىلمىي تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ئاگسىز ۋە بىلىمسىز ياشلارنىڭ

[1] د.بەككار«ئاشقۇنلۇق ئېڭىنى پارچىلاپ تاشلاش»، 106 ـ بەت

ئاشقۇنلارنى مۇقەددەس كۆرۈش پەردىلىرىنى ئېچىپ تاشلاش لازىم.

7 ـ ئۆلىمالار ئېھتىياج تۇيۇلغان ۋاقىتتا ئىككىلەنمەستىن ئاشكارا سۆرەتلىك ۋە يازما شەكىلدە بايانات چىقىرىپ، ئاشقۇنلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئاشقۇنلارنى جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم. شۇنداقلا ئاشقۇنلارغا پىكرى جەھەتتىن تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالىملارنىڭ قەلەملىرىنى كەڭ شەكىلدە يېزىشقا تەشەببۇس قىلىش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئاشقۇنلارنىڭ پىكىرلىرىدىن ۋە خەتىرىدىن ساقلىنىدىغان ساغلام ئەقىل يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى، پىسخىكا ئىلمى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان ئالىملارنىڭ قولى ئارقىلىق دەرس مېتودلىرىنى تۈزۈپ چىقىش مۇھىم.

***ئىككىنچى، سياسى جەھەتتىن***

ئىسلام دۇنياسىدىكى ھاكىمىيەتلەرنى زۇلۇم قىلماسلىققا، ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە بېرىشكە، خەلقلەر بىلەن يارىشىشقا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا كېڭەش قىلىشقا ۋە ھوقۇقنى تىنىچ ئۇسۇلدا ئالماشتۇرۇشقا، ھەربىي ئىنقىلابنى جىنايەت دەپ قاراشقا، كىشىلەرنى ئازابلايدىغان ۋە كەمبەغەل قالدۇرىدىغان جىنايەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا، ساۋاتسىزلىق ۋە ئاچسىزلىقنى تۈگىتىشكە قىزىقتۇرۇش.

2 ـ مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ سىياسىي تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى زورلىماسلىق ياكى ئۇلار خالىمايدىغان تۈزۈملەرنى تاڭماسلىققا چاقىرىش. شۇنداقلا شارائىت ئىمكانىيىتىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇنىي مەنبە ئىكەنلىكىنى ئاساسىي قانۇن قىلىپ بېكىتىدىغان ئادىل مەركىزىي ۋەتەن دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش.

3 ـ مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ كىملىكىنى بەلگىلەيدىغان، ئالىملاردىن ئىمزالىق ھۆججەت چىقىدىغان ۋە مەكتەپنىڭ دەرس مېتودلىرىدا ئۆگىتىلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام قۇرۇلتىيىغا چاقىرىش.

4 ـ ياشلارنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى ۋە ئاجىزلىق ھېس قىلماسلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى يوللۇق شەكىلدە ئېلىپ بېرىشىغا چاقىرىش، ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاشقۇنلۇقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان مۇستەبىت ۋە جىنايەتچى خاراكتېردىكى تۈزۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا تەشەببۇس قىلىش لازىم.

د. ئابدۇلكەرىم بەككار بۇ توغرىدا: «ئىنسانىي ھۆرمەتنى ئېتىبارغا ئالماسلىق، روھى ۋە فىزىكى جەھەتتىن قىيناش ئاشقۇنلۇققا سەۋەب بولماقتا. ياشلارنى تۈرمىگە سولاش، ئازابلاش ۋە قىيناش زوراۋانلىققا سەۋەب بولماقتا. پۇقرالارغا زۇلۇم قىلىش ھاكىملارنى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى كاپىر

دەپ ھۆكـۈم چىقىرىشـقا سـەۋەب بولماقتـا» دېگـەن[1] .

***ئۈچىنچى، قوزغىلاڭ سەۋىيىسى بويىچە***

1 ـ تەشـكىلاتلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىـك لايىھەسـى بويىچـە بىرلەشـتۈرۈش، ئورتـاق رەھبەرلىـك ئاپپاراتـى شـەكىللەندۈرۈش، بىـردەك مەركىـزىي ئارمىيە قـۇرۇپ چىقىش، ئەركىنلىـك، ئادالەت ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتنـى قوغدايدىغـان دۆلـەت قـۇرۇپ چىقـش.

2 ـ شـەرقىي ئـورگان ۋە تەشـكىلاتلارنى بىرلەشـتۈرۈش، ئادالـەت بىلـەن ئىـش قىلىـش، زۇلۇمغـا يـول قويماسـلىق، ئاشىقۇنلارنىڭ قوزغىلاڭنىـڭ بـەزى خاتالىقلىرىدىـن پايدىلىنىـپ كېتىشـىگە يـول قويماسـلىق.

3 ـ ئاشـقۇنلۇق ھەرىكەتلىرىنىـڭ قوزغىلاڭغـا زىيانلىـق ئىشـلارنى ئېلىـپ بارماقچـى بولغانلىقـى مۇلاھىـزە قىلىنغانـدا، ئۇلارغـا ئاگاھلانـدۇرۇش باياناتـى ئېـلان قىلىـش.

4 ـ ئاشىقۇنلۇق پىكىرلىرى بىلەن ئالدانغان ياشلارغا تەۋبە دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىش، ئالدانغانلىقىنى تونۇغان ياشلارغا يېڭىدىـن پۇرسـەت يارىتىـپ بېرىـش ۋە ئۇلارنىـڭ زىيانغـا ئۇچرىمايدىغانلىقىنـى ھېـس قىلـدۇرۇش.

5 ـ تەشـكىلاتلار ئارىسـىدا ھالقىلىـق سىياسـىي پرىنسـىپلار ئاساسـىدا ئورتـاق ئەھدىنامـە تـۈزۈپ چىقىـش.

6 ـ قـارار ئىگىلىـرى بولغـان سىياسـىيونلار، ئۆلىمـالار ۋە

[1] د.بەككار «ئاشقۇنلۇقنى پارچىلاپ تاشلاش»، 99 ـ بەت

ئەسكىرىي يېتەكچىلەر تەربىيەدىن ئەمەلىي پروگراممىغا تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق ئورتاق ئومۇمىيۈزلۈك يول خەرىتىسى سىزىپ چىقىش لازىم.